# [illegible]

خىزىر نىياز

ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى
تەھرىر ھەيئىتى نەشرگە تەييارلىغان

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۈرۈمچى 2007-يىلى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

图书在版编目(CIP)数据

神人尼牙孜：维吾尔文/《维吾尔民间文学大典》编委会编. -乌鲁木齐：新疆人民出版社，2007.1（2012.4 重印）
（维吾尔民间故事）
ISBN 978-7-228-10821-3


Ⅰ.神… Ⅱ.维…Ⅲ.维吾尔族 - 民间故事 - 作品集- 中国 - 维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.I277.3

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2007)第006086号

| | |
|---|---|
| 策　　划 | 阿布都热合曼·艾白，艾合买提·伊明 |
| 责任编辑 | 巴力江·孜帕尔 |
| 编　　辑 | 艾合买提·伊明 |
| 责任校对 | 阿布列孜·阿巴斯 |
| 封面设计 | 买买提·诺贝提 |
| 出版发行 | 新疆人民出版社 |
| 电　　话 | 0991-2827472 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路348号 |
| 邮　　编 | 830001 |
| 印　　刷 | 新疆生产建设兵团印刷厂 |
| 经　　销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 开　　本 | 880×1230毫米 32开本 |
| 印　　张 | 2.5 |
| 版　　次 | 2007年1月第1版 |
| 印　　次 | 2012年4月第4次印刷 |
| 印　　数 | 15001-18000 |
| 定　　价 | 4.50 元 |

# مۇندەرىجە


خىزىر تىجار ........................................ 1
ئاق كۆڭۈل دېھقان ........................................ 27
ئات باقار ........................................ 32
قۇدرەتلىك كەچۈرمىشلىرى ........................................ 37
تۆردىقارنى يەلىن پادىشاھ ........................................ 58



www.uyghurkitap.com

# خىزىر نىياز

بۇنىڭدىن ئۆزۈن زامانلار ئىلگىرى، هازىر نامى ئۆچ-كەن ماكاندا بىر شەھەر بولغانىكەن. شەھەرنىڭ پادىشاھى ئادىل، خەلقپەرۋەر ئىكەن. پادىشاھنىڭ ئادىللىقىدا يۇرت باياشات، ئاۋات، خەلق خاتىرجەم ئىكەن. پادىشاھنىڭ خەزى-نىلىرىمۇ دۇنيادەپىنەگە توشۇق ئىكەن. پادىشاھنىڭ ئۈچ خوتۇنى بولۇپ، كىچىك خوتۇنى دىۋە قىزى گۈلرۇھ ئى-كەن. پادىشاھنىڭ ئاشۇ خوتۇنىدىن بىر ئوغلى بار ئىكەن، پادىشاھ ئوغلىنى ئۆز جېنىدىن ئەزىز كۆرىدىكەن.

كۈنلەر ئۆتۈپ، ئايلار ئۆتۈپ، شاھزادە ئون بەش ياشقا كىرىپتۇ. پادىشاھ ئوغلىنىڭ جاھانغا كۆز ئاچقان كۈنىنى قۇتلۇقلاپ يۇرت ئەھلىگە داستىخان سېلىپ، كاتتا مەرىكە ئۆتكۈزۈپ بېرىپتۇ. ئەل - جامائەت شاھزادىگە بەخت - ئامەت تىلىشىپ، ئۇستۇۋىشىدىن ئالتۇن، ئۈنچە - مەرۋا-يىتلارنى چاچقۇ قىلىپ چېچىشىپتۇ. شاھزادە ئەل - جاما-ئەت بىلەن خۇشال - خۇرام كۈلۈپ، قۇتلۇق كۈنىنى خا-تىرجەم ئۆتكۈزۈپتۇ. مەرىكە ئاخىرلىشىپ، ئەتىسى شاھزا-

www.uyghurkitap.com

دە: «ئاھ يۈرىكىم» دەپ كۆكسىنى مىجىپ زارلىنىشقا باشلاپتۇ. شاھزادىنىڭ زارىغا چىدىمىغان پادىشاھ پۈتۈن يۇرتتىكى داڭلىق تېۋىپلارنى يىغىپ، شاھزادىنىڭ كېسىلىنى داۋالاشنى ئەمر قىپتۇ. پۈتۈن يۇرتتىكى تېۋىپلار پادىشاھ ئوردىسىغا يىغىلىپتۇ. نى داڭلىق، مەنمەن دېگەن تېۋىپلارمۇ شاھزادىنىڭ كېسىلىنى تاپالماپتۇ. ئىلاجىسىز قالغان تېۋىپلار پادىشاھقا شاھزادىنىڭ كېسىلىنىڭ ئادەتتىكى كېسەل ئەمەسلىكىنى ئېيتىشقا مەجبۇر بوپتۇ. پادىشاھ تېۋىپلارنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ، ئون بەش ياشقا كىرگەن ئوغلىنىڭ تۈگىمەس دەردكە مۇپتىلا بولغانلىقىنى ئويلاپ بېشىغا غەم تېغى يىقىلىپ، يېگەن تامىقى ئوغا بوپتۇ، كۆزىگە جاھان قاراڭغۇ كۆرۈنۈپ، كۆز ياشلىرىنى باھار يامغۇرىدەك تۆككىنىچە ئوغلىدىن ئەھۋال سوراپتۇ، شاھزادە ھېچ نەرسە دېمەپتۇ، خانىش ئانىسى قان ـ قان يىغلاپ ئەھۋال سوراپتۇ، ئانىسىغىمۇ ھېچنېمە دېمەپتۇ. پادىشاھ ئىلاجىسىز قېلىپ، پۈتۈن شەھەرگە: «كىمدەكىم شاھزادىنىڭ دەردىگە دەرمان بولسا، پادىشاھلىق تەختىمنىڭ يېرىمىنى ئۆتۈنۈپ بېرىمەن» دەپ پەرمان چىقىرىپتۇ، لېكىن شاھزادىنىڭ دەردىگە دەرمان بولغۇچى چىقماپتۇ. شاھزادىدىن كۆرە پادىشاھ بىلەن خانىشنىڭ چىرايى ساماندەك سارغىيىپ، بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قاپتۇ. شاھزادە ئاتىسى بىلەن ئانىسىنىڭ ھالىغا قاراپ ئىچى ئاغرىپ:

— ئەي ئاتا، ئانا، مېنىڭ كېسىلىمگە داۋا كەتمەيدۇ،

ھازىر مېنىڭ كۆڭلۈم جاھان كېزىشنى تارتىۋاتىدۇ، ماڭا ئىجازەت بەرسەڭلار، — دەپتۇ.

پادىشاھ ئوغلىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ھەشەمەتلىك سەپەر تەييارلىقىنى قىلىشقا باشلاپتۇ. شاھزادە:

— ئەي ئاتا، مېنىڭ كۆڭلۈمنى خۇش قىلىشنى خالىسىڭىز، ئۆزۈمنى تەنھا يولغا سېلىپ قويۇڭ، — دەپتۇ. پادىشاھ:

— ئەي يۈرەك پارەم، سەن مېنى بۇ دۇنيادىن كۆزى ئوچۇق كەتمىسۇن دېسەڭ، مېنىڭ ئىلتىپاتىمنى قوبۇل قىل، — دەپتۇ.

شاھزادە ئىلاجسىز ماقۇل بوپتۇ. شاھزادىنىڭ ئاپىسى گۈلرۇھ ئوغلىنىڭ سەپەرگە چىقىشىغا تاقەت قىلالماي تۇرالماي:

— ئەي ئوغلۇم، بۇ خىزىر نىياز ساڭا ھەمراھ بولسا، مەن خاتىرجەم بولىمەن. مەن بۇ خىزىر نىيازنى كۆھقاپتىن ئۆزۈم بىلەن بىرگە ئېلىپ كەلگەن، بېشىڭغا كۈن چۈشكەندە ئەسقاتىدۇ، — دەپ يېنىدىن ئالتۇن ساپلىق، ئالماس بىسلىق بىر شەمشەرنى چىقىرىپ ئوغلىغا بېرىپتۇ.

پادىشاھ بىلەن خانىش كۆز ياشلىرىنى سەلدەك تۆككىنىچە شاھزادىنى ئۇزىتىپ قويۇپتۇ. شاھزادە ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن شەھەردىن ئايرىلىپ، يەتتە كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن، ئۆزى بىلەن بىرگە ماڭغان قىرىق قېچىردى-

كى ئوزۇق ـ تۈلۈك، مال ـ مۈلۈك بىلەن ئۆزبگە ھەمراھ بولۇپ كەلگەن قىرىق يىگىتنى ئۆز يۇرتىغا قايتۇرۇۋېتىپ، ئۆزى يالغۇز كېتىپ قاپتۇ. ئۇ شۇ يۇرگەنچە يەتتە كۈندىن كېيىن بىر كارۋانغا ئۇچراپتۇ. كارۋان بېشى شاھزادىنىڭ ئۇستۇېشىغا قاراپ:

— ئەي ئوغلۇم، نەدىن كېلىپ، نەگە كېتىۋاتىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ. شاھزادە:

— ئاتا ـ ئانامنىڭ مېھرىدىن كېچىپ، مېھىر ئىزدەپ كېتىۋاتىمەن، — دەپتۇ. كارۋان بېشى شاھزادىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا مېھرى چۈشۈپ:

— ئەي ئوغلۇم، ماڭا ئوغۇل بولغىن، مەقسىتىڭگە يەتكۈزەي، — دەپتۇ. شاھزادە:

— ئەي ئاتا، سىلىگە رەھمەت، مەن ئۆزۈمنىڭ نەگە بېرىپ، نەدە تۇرىدىغانلىقىمنى بىلمەيمەن. سىلى مەنزىل كۆزلەپ ماڭىدىغان ئادەم، شۇڭا يولىمىز تۈگىگۈچە مېنى ھەمراھ قىلىۋالسىلا، — دەپتۇ.

كارۋان بېشى ماقۇللۇق بىلدۈرۈپتۇ. شاھزادە كارۋانلارغا قوشۇلۇپ مېڭىپتۇ. شاھزادە يول بويى قونالغۇلاردا كارۋان بېشىنىڭ يۈگۈر ـ يېتىم ئىشلىرىنى قىلىپ، تۆگىسىنى سۇغىرىپ، چېيىنى قاينىتىپ بېرىپ كۈن ئۆتكۈزۈپتۇ. كارۋان نەچچە ئۆتەڭلەردىن ئۆتۈپ، يۇرتلارنى كەينىدە قالدۇرۇپ بىر تاغ جىلغىسىنىڭ ئىچىگە كىرىپ ئىچكىرىلەپ مېڭىپتۇ. ئۇلار جىلغىنىڭ ئوتتۇرى-

سىغا يېتىپ بارغاندا تۆت تەرەپتىن قىيقاس - چۇقان كۆ-
تۈرۈلۈپ، قاراقچىلار ئات چاپتۇرۇپ چىقىپ كەپتۇ. ئاتلار-
نىڭ تۇيىقىدىن ئۆرلىگەن چاڭ - توزان دەستىدىن كۈن
نۇرى توسۇلۇپ، جاھاننى قاراڭغۇلۇق قاپلاپتۇ. كارۋان
ئەھلى پاتىپاراق بولۇپ كېتىپتۇ. كارۋان بېشى جان قاي-
غۇسىدا قىلىپ:

— ئەي بۇرادەرلەر، جېنىڭلارنىڭ ئامالىنى قىلىڭلار. ئەي
بالام، سەنمۇ ئۆزۈڭنى دالدىغا ئال، — دەپ ۋارقىراپتۇ.

بۇ ۋەھىمىلىك مەنزىرىنى كۆرۈپ شاھزادىنىڭ ئېسىگە
ئاپىسىنىڭ ئېيتقان سۆزى كەپتۇ - دە، بېلىدىكى خىزىر
نىيازنى تۇتۇپ:

— ئەي خىزىر نىياز، بۇ قاراقچىلارنى تاشقا ئايلاندۇ-
رۇۋەتكىن، — دەپتۇ. شۇ ھامان قاراقچىلار تاشقا ئايلىنىپ
كېتىپتۇ. كارۋان بېشى بۇ كارامەتنى كۆرۈپ شاھزادىگە
مىڭلارچە رەھمەت ئېيتىپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ تۆگىسىگە مىن-
دۈرۈپتۇ. كارۋان بېشى شاھزادىدىن:

— ئەي ئوغلۇم، قاراقچىلارغا نېمە كارامەت ئىشلەت-
تىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ. شاھزادە:

— بۇ مېنىڭ كارامىتىم ئەمەس، — دەپ، باشقا ھېچ
نەرسە دېمەپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن كارۋان بېشى شاھزادىنى
ھېچقانداق ئىشقا سالماي، ئۆزى بىلەن بىر داستىخاندا
ئولتۇرغۇزۇپ مېھمان قىلىپ مېڭىپتۇ. شاھزادە كارۋان
ئەھلىنىڭ ئەزىز مېھمىنى بولۇپ قاپتۇ. كارۋانلار ئاخىر

مەنزىلگە يېتىپتۇ. شاھزادە ئۇلار بىلەن خوشلىشىپتۇ.

ئۇ يول يۈرۈپتۇ، شۇ يۈرگىنىچە ئالتە شەھەرنى ئارىلاپ ئۆتۈپتۇ، ھېچ يەردە تۇرۇپ قېلىشقا رايى بارماپتۇ، ئاخىر يەتتىنچى شەھەرگە يېتىپ بېرىپتۇ. بۇ چاغدا ئۇنىڭ بويى ئۆسۈپ، يېشى ئون يەتتىگە توشۇپ قاپتۇ، شەھەرگە كىرىپلا كۆڭلى يورۇپ، روھى كۆتۈرۈلۈپ قالغاندەك ھېس قىپتۇ، شەھەرنى ئايلىنىپ، رەستىلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈپتۇ ۋە ئايلىنىپ يۈرۈپ، شەھەر سىرتىدىكى ئورمانلىققا چىقىپ قاپتۇ. ئۇ بۇلبۇللارنىڭ چاڭلداپ سايرىشىغا مەست بوپتۇ، ئورمانلىقنى ئايلىنىپ يۈرۈپ بىر بۇلاق بويىغا بېرىپ قاپتۇ. بۇلاق سۈيىدە يۈز - كۆزىنى يۇيۇپ، شەربەتتەك سۇنى قانغۇچە ئىچىپتۇ، گىردە بىلەن قورسىقىنى تويغۇزۇپ، شۇ يەردە ئۇخلاپ چۈش كۆرۈپتۇ، چۈشىدە بىرى ئۇنىڭ ئىسمىنى چاقىرىپ: «ئەي ئوغلۇم، سەن مۇشۇ شەھەردىن مۇرادىڭنى تاپىسەن، ئورنۇڭدىن تۇر» دېگۈدەك. ئۇ بۇ ئاۋازدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ ئەتراپقا قاراپ ھېچكىمنى كۆرمەپتۇ. ئۆزىنىڭ چۈش كۆرگەنلىكىنى بىلىپ، چۈشىنى ئويلىغىنىچە شەھەرگە قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇ شەھەرگە يېتىپ كىرگۈچە قاراڭغۇ چۈشۈپ كېتىپ، نەگە بېرىپ، نەدە تۇرۇشنى بىلەلمەي، ئاخىر كوچا دوقمۇشىدىكى بىر ناۋاينىڭ ئىشىكىنى قېقىپتۇ. ئۆي ئىچىدىن بىر ئادەمنىڭ:

— كىم سەن؟ — دېگەن ئاۋازى چىقىپ، ئىشىك ئېچىلىپتۇ. شاھزادە ئۆي ئىگىسىگە سالام بېرىپ:



www.uyghurkitap.com

— ئەي ئاتا، مەن بىر مۇساپىر ـ غېرىب، بالىسى يوقتا بالا بولىمەن، چاكىرى يوقتا چاكار بولىمەن. بۈگۈن كېچە ئۆيلىرىدە پاناھلىق بەرسىلە، كەچتە شەھەردە تەمتىرەپ قالدىم، — دەپتۇ.

ناۋاي شۇنچە ئۇزۇن ياشىغان بولسىمۇ پەرزەنت يۈزى كۆرمەي، ئاللادىن پەرزەنت تىلەپ يۈرگەنىكەن. ئۇ شاھزادىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، خۇدا مېنىڭ تىلىكىمنى ئىجابەت قىلىپ بۇ بالىنى ماڭا ئەۋەتكەن ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ:

— ئەي بالام، ئاتاڭنىڭ ھۈنىرى نېمە ئىدى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئاتامنىڭ ھۈنىرى ناۋاي ئىدى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ شاھزادە چاندۇرماي. ناۋايغا بۇ جاۋاب يېقىپ كېتىپتۇ. شۇنداق تۇرغاندا، ناۋاينىڭ ئايالى چىراغ كۆتۈرۈپ چىقىپ:


— ئەي دادىسى، ئىشىك تۈۋىدە نېمىدەپ سەۋدايىدەك ۋاتىلداپ تۇرىلا؟ — دەپتۇ. ناۋاي شاھزادىنى كۆرسىتىپ:

— بۇ بالا پاناھ ئىزدەپ كەپتۇ، بالا قىلىۋالاي دەيمەن، بۇنىڭغا نېمە دەيسەن؟ — دەپتۇ. ئايال ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ، شاھزادىنى ئۆيگە باشلاپتۇ.

ناۋاي ئەتىسىدىن باشلاپ شاھزادىنى سۇ توشۇش، ئۇن تاسقاش، ئوتۇن يېرىش، تونۇرنىڭ كۈلىنى ئېلىش، تونۇرغا ئوت سېلىشقا ئوخشاش يۈگۈر ـ يېتىم ئىشلارغا سېلىشقا باشلاپتۇ. نېمە ئىشقا بۇيرۇسا، شاھزادە شۇ ئىشنى

كۆڭۈلدىكىدەك قىپتۇ. ناۋاي ئۇنىڭ ئىشىدىن رازى بوپتۇ. شاھزادە ئىشقا كىرىشكەن دەسلەپكى كۈنى ناۋاي ئىككى تونۇر نان يېقىپ ھەممىسىنى سېتىپ تۈگىتىپتۇ. ناۋاي بۇنىڭدىن ھەم ھەيران، ھەم خۇشال بوپتۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ ناۋاينىڭ سودىسى ئېقىپ، غەللىسى كۈندە پارقىراق تىللالار بىلەن توشىدىغان بوپتۇ.

ئارىدىن تۆت يىل ئۆتۈپتۇ. بۇ چاغدا ناۋايمۇ كاتتا بايغا ئايلىنىپ، ئەسكى ئۆيلىرىنىڭ ئورنىغا ھەشەمەتلىك ساراي ـ ئىمارەتلەرنى سالدۇرۇپتۇ، چاكارلارنى يالاپ، ساراي ـ ئىمارەتلەرنىڭ ئىچىنى زىلچا ـ گىلەملەر بىلەن بېزەپتۇ.



كۆنلەرنىڭ بىرىدە ناۋاينىڭ كۆڭلىگە بىر ئىش يې-
تىپ، ئايالىغا:

— ئەي خوتۇن، بۇ بالىنىڭ ئايىغى تازا ياراشتى:
ئىلگىرى بىر تونۇر ناننى ئون كۈندىمۇ سېتىپ بولالمايت-
تۇق، هازىر كۈنىگە ئون تونۇر نانمۇ يېتىشمەيۋاتىدۇ.
ئەسكى كەپىمىز ھەشەمەتلىك سارايغا ئۆزگەردى. بىرى ئون
بولدى، ئونى يۈز بولدى. ئەسكى جەندىمىز تاۋار - دۇردۇن-
غا ئۆزگەردى. سارىيىمىز زىلچا - گىلەمگە تولدى. ئەم-
دى ئۇنى ئۆيلەپ قويۇپ، قەرزىمىزنى ئادا قىلسۇق
قانداق؟ — دەپ مەسلىھەت ساپتۇ. ئايالى ماقۇل بوپتۇ.
ئىككىسى مەسلىھەتلىشىپ، شاھزادىنىڭ ئالدىغا كىرىپ:

— ئەي ئوغلۇم، سەن بۇ ئۆيگە كىچىك كەلگەنىدىڭ،
ئەمدى چوڭ بولدۇڭ، بىز مەسلىھەتلىشىپ، سېنى ئۆيلەپ
قويايلى دېيىشتۇق، — دەپتۇ ناۋاي، ئەمما شاھزادە ماقۇل
كۆرمەپتۇ.

شۇ كۈندىن باشلاپ ناۋاي شاھزادىنى توي قىلىشقا
سۆيلەپ، شاھزادە رازىلىق بەرمەي، ئارىدىن بىر يىل ئۆتۈپ
كېتىپتۇ، ھەر ئىككىسى ئۆز نىيىتىدىن يانماپتۇ. شاھزادە
ئاخىر:

— ئەي ئاتا، مەن ئۆيلەنمەيمەن دېسەم، ئۆز سۆزلىرى-
دە چىڭ تۇرۇۋاللا، ئۇنداق بولسا، مەن كىمنى ئالىمەن
دېسەم، شۇنى ئېلىپ بېرىڭلا، — دەپتۇ.

— ۋاي بولىدۇ، بالام، — دەپتۇ ناۋاي.

— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ شاھزادە، — مۇشۇ شەھەر پادىشاھىنىڭ قىرىق بىر قەۋەتلىك راۋاق ئۈستىدە ئاي بىلەن كۈنگە كۆرسەتمەي بېقىۋاتقان بىر قىزى بار، ماڭا ئاشۇ قىزنى ئېلىپ بەرسىلە.

ناۋاي پادىشاھنىڭ ئاشۇنداق بىر قىزى بارلىقىنى ئاڭلاپ باقمىغاچقا، شاھزادىنىڭ گېپىگە ئەجەبلىنىپ:

— سەن پادىشاھنىڭ شۇنداق قىزى بارلىقىنى قانداق بىلىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن ئون بەش ياشقا توشقان كۈنى مەلىكە مېنىڭ چۈشۈمگە كىرگەن. مەن شۇ چۈشنى كۆرگەندىن كېيىن غېرىب - مۇساپىرلىق يولىغا كىرىپ، بۇ شەھەرگە يېتىپ كەلدىم. شۇڭىدىن بېرى سىلىنىڭ ئالدىلىرىدا خىزمەت قىلىۋاتىمەن، — دەپ ئۆز كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان ناۋاي پېشانىسىگە ياقىدە بىرنى ئۇرۇپ، خوتۇنىنىڭ يېنىغا چىقىپ:

— ھەي خوتۇن، ھەي خوتۇن، ئۇنى ئۆيلەيمىز، دەپ چاتاق قىلدۇقمۇ، نېمە؟ ئۇ پادىشاھنىڭ قىزىنى ئالىمەن دەيدۇ. بىز ناۋاي تۇرساق، قانداقمۇ پادىشاھقا تەڭ كېلەلەيمىز؟ بۇ بالا ئەمدى مېڭەمنى يەيدىغان ئوخشايدۇ، — دەپتۇ.

— نېمە غەم يەيلا؟ — دەپتۇ ئايالى، — «ئەلچىگە ئۆلۈم يوق» دېيىشكەن، ئاۋۋال بېرىپ ئەھۋالنى ئۇقۇپ

باقاملا.

ناۋاي ئايالىنىڭ مەسلىھەتىنى قوبۇل قىلىپ، ھېيت ـ ئايەملەردە كىيىدىغان تون ـ كەمزۇل، تۇمىقىنى كىيىپ، كۇمۇش توقۇملۇق جەدە ئاتقا مىنىپ، غادايغىنىچە پادىشاھ ئوردىسىنىڭ ئالدىغا يېتىپ بېرىپتۇ. ئۇ ياساۋۇللارغا سالام بېرىپ، كېلىش مەقسىتىنى ئېيتىپتۇ. ياساۋۇللار خەۋەرنى پادىشاھقا يەتكۈزۈپتۇ. شۇ كۈنلەردە ناۋاينىڭ ياخشى نامـ ـشەرىپى پادىشاھنىڭ قۇلىقىغىمۇ يەتكەنىكەن، شۇڭا پادىشاھ ناۋاينىڭ كىرىشىگە رۇخسەت قىپتۇ. ناۋاي پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپ يەتتە ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ، ئىجازەت كۈتۈپ تۇرۇپتۇ.

— ھە، ناۋاي، بۇياققا ئۆتۈپ قاپسەن، — دەپتۇ پادىـشاھ ئۇنىڭ سالىمىنى قوبۇل قىلىپ، — نېمە ھاجەت بىلەن كەلدىڭ؟

— مېنىڭ ھاجىتىم ناھايىتى ئېغىر، — دەپتۇ ناۋاي.

— نېمە سۆزۈڭ بولسا دەۋەرگىن، — دەپتۇ پادىشاھ.

— ئۆلۈمدىن قورقىمەن، — دەپتۇ ناۋاي.

— بولدى، بىر قوشۇق قېنىڭدىن كەچتىم، — دەپتۇ پادىشاھ.

— ئەي شانۇشەۋكەتلىك پادىشاھىم، سىلى بىر قىز چوڭ قىپتىكەنلا، مەن بىر ئوغۇل... — دەپ ناۋاي سۆزىـ ـنى باشلىشى بىلەن تەڭ، پادىشاھ:

— جاللات، بۇ بەتبەختنىڭ كاللىسىنى ئېلىڭلار ! —

دەپ ۋارقىراپتۇ.

— بىر قوشۇق قېنىمنى تىلەيمەن، — دەپتۇ ناۋاي تىزلىنىپ تۇرۇپ.

— قېنى، تىلىكىنى چايناي سۆزلە، — دەپتۇ پادىشاھ. ناۋاي يەردىن ئۇستۇن قارىيالماي، تىترىگىنىچە:

— مەن بىر ئوغۇل چوڭ قىلغان. ئوغلۇم بالاغەتكە يەتكەندە، ئۆيلەپ قويايلى دېسەم: «پادىشاھنىڭ قىزىنى ئالىمەن» دەپ تۇرىۋالدى، ئامالسىز ھۇزۇرلىرىغا كېلىشكە مەجبۇر بولدۇم. بىھۇدە ئۆلۈشنى خالىمايمەن، — دەپتۇ.

بىر ناۋاينىڭ ئۆز قىزى ئۈچۈن خېرىدار بولۇپ كەلگەنلىكىگە پادىشاھ نېمە دېيىشنى بىلەلمەي غەزەپلىنىپ تۇرغاندا، ۋەزىرى يول كۆرسىتىپ مۇنداق پىچىرلاپتۇ:

— ئەي پادىشاھئالەم، ئەلچىگە ئۆلۈم يوق. «بەرمەس قىزنىڭ تويلۇقى ئېغىر» دەپتىكەن. ناۋاينى ئۆلتۈرسەك بولمايدۇ، شەرت قويايلى، ئۇ يىگىت راستىنلا قەتئىي نىيەتكە كەلگەن بولسا، ئۈچ كېچە - كۈندۈز ئىچىدە سايىغا پادىشاھ ئوردىسىدەك بىر ساراي بىنا قىلسۇن، سارايىنىڭ ئىچى - تېشىغا زىلچا - گىلەمدە پاياندار سالسۇن. ئەگەر ئۇنى قىلالمىسا يىگىتنىڭ كاللىسىنى ئالايلى، — دەپتۇ.

پادىشاھ ۋەزىرىنىڭ بۇ تەكلىپىنى ماقۇل كۆرۈپ:

— ئەي ناۋاي، مەن قىزىمنى ئوغلۇڭغا بەرسەممۇ بېرەي، ئەمما ئوغلۇڭ شەھەر سىرتىدىكى سايغا ئۈچ كېچە - كۈندۈز ئىچىدە بىر شەھەر بىنا قىلسۇن، شەھەرنىڭ چار-

باغلىرى بولسۇن. شەھەر ئىچىدە سودا قايىنىغان، ئاشپەز، ناۋاي، سودىگەرلەر رەت ـ رەتتە بىلەن ئورۇن ئالسۇن. ئەگەر ئۇنداق بولمايدىكەن، بالاڭنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ، سېنىڭ پۈتۈن مال ـ دۇنيايىڭنى مۇسادىرە قىلىمەن، — دەپتۇ.

ناۋاي پېشانىسىگە ياقىدە بىر شاپىلاق ئۇرغىنىچە ئورنىدىن چىقىپ ئۆيىگە غەمكىن قايتىپ كەپتۇ. ناۋاينىڭ پەرىشان قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرگەن ئايالى:

— ۋاي دادىسى، نېمە بولدى؟ — دەپ سوراپتۇ. ناۋاي:

— ئاغرىمىغان بېشىمغا ئالتە تاياق بولدى، — دەپ، پادىشاھنىڭ شەرتىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

— ھەي، نېمىدىن غەم قىلىلا؟ — دەپتۇ ئايالى، — تازا ئەخمەق ئىكەنلا. ھېچبولمىغاندا ئىككىمىز پۇل ـ پۇچەك، ئالتۇن ـ يامبۇلارنى بىر خۇرجۇنغا قاچىلاپ، بىر ئاتقا مىنىپ قېچىپ كېتىمىز. ئۇ ئۆزى تاپقان بالاغا ئۆزى قالامدۇ؟

— پەمىڭ بار جۇمۇ سېنىڭ، — دەپتۇ ناۋاي. ئۇلارنىڭ سۆزى تۈگىشىگە، شاھزادە ئۆيگە كىرىپ:

— دادا، قانداق بولدى؟ — دەپ سوراپتۇ. ئانىسى پادىشاھنىڭ شەرتىنى ئۇنىڭغا يەتكۈزۈپتۇ.

— بولىدۇ ئەمىسە، مەن پادىشاھنىڭ تەلىپى بويىچە شەھەر بىنا قىلاي، سىلەر غەم قىلماڭلار، — دەپتۇ

شاھزادە.

ئاردىن بىر كۈن ئۆتۈپتۇ. ناۋاي ئوغلىنىڭ ئۇخلاپ ياتقانلىقىغا ھەيران بولۇپ:

— ئوغلۇم، ئۇخلاپ ياتىسەنغۇ، سەن پادىشاھنىڭ شەھەر سېپىلىشقا مۆھلەت بەلگىلەپ بەرگەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟ — دەپتۇ. شاھزادە:

— بولدى، غەم قىلماڭ دادا، — دەپ ئۇيقۇسىنى ئۇخلاپتۇ.

ئىككى كۈن ئۆتۈپتۇ. ئۈچىنچى كۈنى ناۋاي ئالتۇن - كۈمۈش، يامبۇلىرىنى خۇرجۇنغا قاچىلاپ، خوتۇنىنى ئەپقېچىپ كەتمەكچى بولۇپ دەرۋازا ئالدىغا چىقسا، پادىشاھنىڭ لەشكەرلىرى قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ تۇرغۇدەك. لەشكەرلەر ناۋاي بىلەن ئايالىنى تۇتۇپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ مېڭىپتۇ.

شاھزادە ئۇلارنى لەشكەرلەرنىڭ تۇتۇپ كەتكەنلىكىنى بىلىپ، شەھەر سىرتىدىكى سايلىققا بېرىپ قوينىدىكى خىزىر نىيازنى چىقىرىپ:

— ئەي خىزىر نىياز، بېشىمغا كۈن چۈشتى، مۇشۇ سايلىققا پادىشاھنىڭ تەلىپىدىنمۇ ھەشەمەتلىك بىر شەھەر بىنا قىلغايسەن ! — دەپ ئەمر قىلىپ قويۇپ، ئوردىغا قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇ ئوردا ئىچىگە كىرگەندە، پادىشاھ ناۋاينى سوراق قىلىۋاتقانىكەن.


— سەن بۈگۈن مۆھلەت كۈنىنىڭ توشقانلىقىنى بىل-

مەمسەن، مەن دىگەن شەھەر ـ ساراي قېنى؟ — دەپتۇ پادىشاھ ناۋايغا. ناۋاي يىغلاپ تۇرۇپ:

— پادىشاھئالەم، مەن بۇ بالىنى بېقىۋالغانىدىم. قىزلىرىنى ئالىمەن، دىگەن مۇشۇ بالا، — دەپ ئىشىكتىن كىرىۋاتقان شاھزادىنى كۆرسىتىپتۇ. پادىشاھ شاھزادىنىڭ ئۇستۇۋېشىغا قاراپ:

— جاللات، مۇنۇ بەتبەختنىڭ كاللىسىنى ئېلىڭلار ! — دەپتۇ.

— توختىسىلا، شاھ ئالىيلىرى، — دەپتۇ شاھزادە، — سىلى ماڭا ئۈچ كۈنلۈك مۆھلەت بەرگەن. ئەگەر ئادىل پا- دىشاھ بولسىلا، بۈگۈن كەچ كىرگۈچە تەخىر قىلسىلا، مەن بىنا قىلغان شەھەرنى كۆرۈپ بېقىپ بىرنېمە دېسىلە.



پادىشاھ ۋەزىر ـ ۋۇزرالىرىنىڭ مەسلىھەتى بويىچە شەھەرنى كۆرۈپ بېقىشقا ماقۇل بوپتۇ. پادىشاھ ئوردا ئەھ ـ لىنى باشلاپ سايغا بارسا ئاجايىپ بىر شەھەر تۇرغۇدەك، ئەيىۋھەنناس، شەھەردە ئادەم دەريادەك ئېقىپ تۇرغۇدەك. پادىشاھ ياساۋۇللىرىنى ئىشقا سېلىپ يول ئېچىپ، شەھەر رەستىلىرىنى ھەيرانلىق ئىچىدە كۆزدىن كەچۈرۈپتۇ. رەس ـ تىلەرنىڭ شۇنچە رەتلىك، يوللارنىڭ مەرمەر، سارايلارنىڭ چىرايلىقلىقىدىن كۆزلىرى ئالا چەكمەن بولۇپ كېتىپتۇ. پادىشاھ ئۆز ئوردىسىنىڭ بۇ سارايىنىڭ ئالدىدا بىر ئەسكى كەپىچىلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىپتۇ. پادىشاھ شاھزادى ـ نىڭ كارامىتىگە قايىل بولغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، قىزىنى بېرىشكە ماقۇل بوپتۇ ھەمدە توي تەييارلىقىنى پۈتتۈرۈپ قىرىق كېچە ـ كۈندۈز توي ئۆتكۈزۈپ، مەلىكىنى شاھزا ـ دىنىڭ سارىيىغا كۆچۈرۈپ بېرىپتۇ. شاھزادە مەلىكە بىلەن بىر ياستۇققا باش قويۇپ، مۇراد ـ مەقسىتىگە يېتىپتۇ. بۇ خۇشاللىق كۈنلەردە ناۋايمۇ ئۆزىنى پادىشاھنىڭ قۇدىسى ساناپ، مەيدىسىنى كېرىپ يۈرۈپتۇ.

شۇ كۈنلەردە شاھزادە مەلىكىنىڭ شېرىن ۋەسلىگە يېتىپ، ۋىسال شادلىقىدا ئۆزىنىڭ ئۆتكەنكى كۈنلىرىنىمۇ ئۇنتۇشقا باشلاپتۇ. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ھەتتا خىزىر نىيازىنىمۇ ئېسىدىن چىقىرىپتۇ. خىزىر نىيازنى توپا ـ چاڭ بېسىشقا باشلاپتۇ. بۇ چاغدا شاھزادىنىڭ بېشىدا كۆرۈنمەس بالا ـ قازا سايە تاشلاپ يۈرگەنىكەن، چۈنكى

ئەسلىدە ئۇ مەلىكىگە يەنە بىر دىۋە ئاشىق ئىكەن. پادىشاھ ھەر كېچىسى قىزىنىڭ سارىيىنىڭ ئەتراپىغا ئوت يېقىپ، قىزىنى ئامان - ئېسەن ساقلاپ كېلىۋاتقانىكەن، بۇ سىرنى شاھزادىگە ئېيتىپ بەرمىگەنىكەن. بىر كېچىسى ئوت قالىغۇچىلارنى ئۇيقۇ بېسىپ ئۇخلاپ قېلىپ، ئوت ئۆچۈپ قاپتۇ. دىۋە شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ كېلىپ مەلىكىنى، خىزىر نىيازنى ئېلىپ كېتىپتۇ. دەھشەتلىك ئاۋازدىن شاھزادە چۆچۈپ ئويغىنىپ، ئۆزىنىڭ داق يەردە تەنھا ياتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئەتراپقا قارىسا، شەھەر، سارايلاردىن ئەسەر يوق. ئۇ نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەي، پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپ:

— ئەي پادىشاھئالەم، مەلىكىنىڭ بىرەر دۈشمىنى بارمىدى؟ — دەپ سوراپتۇ. پادىشاھ ئىشنىڭ تېگىگە يېتىپ:

— ئەي ئوغلۇم، بۇ مەندىن ئۆتكەن سەۋەنلىك، مەن بۇ سىرنى ساڭا ئېيتىپ بەرمەپتىمەن. ئەسلى قىزىمغا بىر دىۋە ئاشىق ئىدى، ئۇنى ھەر كېچىسى ئوت يېقىپ قويۇپ قوغدايتتۇق. قىزىمنى چوقۇم ئاشۇ دىۋە ئېلىپ كەتتى. ئەمدى قانداق قىلماق كېرەك؟ — دەپ زار - زار يىغلاشقا باشلاپتۇ. شاھزادە ئىشنىڭ سەۋەبىنى بىلىپ:

— ئەي شاھ ئاتا، مەن مەلىكىنى تېپىپ كېلىمەن. بۇنىڭ ئۈچۈن سىلى يەتمىش پاتمان تۆمۈردە كەش، يەتمىش پاتمان تۆمۈردە ھاسا، يەتمىش پاتمان تۆمۈردە جەندە -

كۈلاھ سوقتۇرۇپ بەرسىلە، ــ دەپتۇ. پادىشاھ شاھزادىنىڭ تەلىپى بويىچە ئىش قىپتۇ.

شاھزادە يولغا چىقىپتۇ. ئۇ تاغلاردىن ئېشىپ، چۆل-لەرنى كېزىپ، دەريالارنى كېچىپ، نەچچە شەھەرلەرنى ئىز-دىگەن بولسىمۇ، ھېچ يەردىن مەلىكىنىڭ ئىز - دېرىكىنى ئالالماپتۇ. ئۇنىڭ ساقال - بۇرۇتى، چاچلىرى ئۆسۈپ، يۇ-زىنى قاسماق بېسىپ دەرۋىشكە ئوخشاپ قاپتۇ، يەتمىش پاتمان تۆمۈر ھاسىسى ئۇپراپ قوشۇقتەك قاپتۇ، كەشىنىڭ چەمى ئۇپراپ تېشىلىپتۇ، ئۇچىسىدىكى تۆمۈر جەندىسى ئۇپراپ قەغەزدەك قاپتۇ. شۇ ھالەتتە ئۇ كۆز يەتكۈسىز بىر جەزىرىدىكى يالغۇز چىنار تۈۋىدىكى بۇلاق بويىغا بې-رىپ قاپتۇ. ئۇ بۇلاقتىن ئۆزىنىڭ ئالۋاستىدەك ئىسكەتىنى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ. شاھزادە شۇنداق تۇرسا، بىر قىز كېلىپ بۇلاقتىن قاپاققا سۇ ئاپتۇ. شاھزادە قىزغا سالام بېرىپ:

ــ ئەي قىز، قاپىقىڭىزنى بەرسىڭىز، ئۇسسۇزلۇقۇمنى قاندۇرۇۋالسام، ــ دەپتۇ. قىز قاپىقىنى شاھزادىگە بېرىپ-تۇ. شاھزادە قاپاقتىكى سۇنى بىراقلا ئىچىۋېتىپ، قاپاقنى قىزغا قايتۇرۇپ بېرىپتۇ. قىز ئۇنىڭغا قىزىقىپ:

ــ ئەي ئادەمزات، بۇ ئادەمزات ئاياغ باسىدىغان يەر ئەمەس، سەن نېمە ۋەجدىن بۇ يەرگە كېلىپ قالدىڭ؟ ــ دەپ سوراپتۇ. شاھزادە قىزنىڭ سوئالىغا ھەيران بولۇپ:

ــ سىز ئۆزىڭىز ئادەمزات ئەمەسمۇ؟ ــ دەپ سوراپ-

تۇ.

— مەن ئادەمزات ئەمەس، دېۋىنىڭ قىزى. سەن نېمە
ۋەجدىن بۇ يەرگە كېلىپ قالدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ قىز
يەنە. شاھزادە ئۆزىنىڭ ھەممە كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ
بېرىپ:

— مەن دېۋە ئېلىپ قاچقان مەلىكەمنى ئىزدەپ بۇ
يەرگە كېلىپ قالدىم. سىزنىڭ ئۇنىڭدىن خەۋىرىڭىز بار-
مۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. قىز كۆز ياشلىرىنى باھار يامغۇرى-
دەك تۆكۈپ:

— بايا سەن ئاپاڭنىڭ ئىسمىنى نېمە دېدىڭ؟ — دەپ
سوراپتۇ. شاھزادە قىزنىڭ كۆز ياشلىرىغا ئەجەبلىنىپ:

— ئاپامنىڭ ئىسمى گۈلرۇھ، — دەپ جاۋاب بېرىپ-
تۇ. قىز بۇ جاۋابنى ئاڭلاپ ئۆزىنى شاھزادىنىڭ باغرىغا
ئېتىپ:

— ۋاي جېنىم قېرىندىشىم، — دەپ شاھزادىنى چىڭ
قۇچاقلاپتۇ.

شاھزادە بۇنىڭ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي تۇ-
رۇپ قاپتۇ. دېۋە قىز ئۇنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىپ:

— ئەي ئوغلۇم، مەن سېنىڭ كىچىك ئاپاڭ بولىمەن،
سېنىڭ ئاپاڭ گۈلرۇھ مېنىڭ ئاچام بولىدۇ. بىز بىر ئا-
نىدىن ئۈچ ئاچا - سىڭىل ئىدۇق، دائىم پەرىزاتقا ئايلى-
نىپ ئۇچۇپ جاھان كېزىپ سەيلە قىلاتتۇق. بىر قېتىم
سەيلىگە چىقىپ قويۇق ئورمانلىقتا گۈل تېرىپ يۈرۈپ ئا-

تاڭنى ئۇچرىتىپ قالدۇق، شۇنىڭدىن كېيىن ئاچامنىڭ كۆزىدىن ياش قۇرۇمىدى. بىز ئۇنىڭ ئاشىق بولغانلىقىنى بىلىپ، نىيىتىدىن يېنىشنى دەۋەت قىلدۇق، چۈنكى ئاتىمىز بىزنىڭ ئادەمزات بىلەن بېرىش - كېلىش قىلغىنىمىزنى بىلىپ قالسا بىزنى قاتتىق جازالايتتى. لېكىن، ئاچام ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماي، ئاتاڭ بىلەن توي قىلىۋالدى. ئاتام بۇ خەۋەرنى تويدىن كېيىن بىلدى. ئاتام غەزەپكە پايلىماي ئاچامنى قايتۇرۇپ كېلىپ قاماپ قويدى، ئۇنىڭ كۆز يېشى ئاخىر قانغا ئايلاندى. ئاچامنىڭ كۆز يېشىغا قاراپ ئۇنىڭغا ئاچا - سىڭىل ئىككىمىزنىڭ ئىچى ئاغرىپ، ئۇنى ئېرىنىڭ يېنىغا قايتۇرۇۋەتمەكچى بولدۇق ۋە ئاتامنىڭ خىزىر نىياز دېگەن خىسلەتلىك ئەڭگۈشتەر شەمشىرىنى ئوغرىلاپ ئاچامغا بەردۇق. ئۇ ئاشۇ خىزىر نىيازغا ئەمر قىلىپ ئاتامنىڭ قەپىسىدىن قۇتۇلدى. ئاچام قېچىپ كەتكەندىن كېيىن بۇ ئىش ئاشكارىلىنىپ قېلىپ، ئاتام بىزنى بۇ يەرگە پالىۋەتتى. بۇ يەردە ئاچام ئىككىمىز ياشايمىز. شۇنىڭدىن بېرى ئاپاڭنى كۆرمىدۇق يا خەۋىرىنى ئالالمىدۇق. ئوغلۇم، مەن ئېرىمگە ئېيتاي، ئۇ سېنى ئىككىنچى ئاچامنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارسۇن. ئۇ بىر ئامالىنى قىلىپ مەلىكەڭنى تېپىپ بېرەر، — دەپ ئۆيىگە باشلاپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇنىڭ ئېرى قايتىپ كېلىپ ئەھۋالنى ئۇقۇپ، شاھزادىنى كۆتۈرۈپ ئىككىنچى ئاچىسىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. شاھزادە ئۇلار بىلەن دىدار

كۆرۈشۈپ ئەھۋالنى سوزلەپتۇ. ئوتتۇرانچى دىۋە قىز:
— سېنىڭ مەلىكەڭ بەلكىم كۆھىقاپتا بولۇشى مۇم-
كىن، مەن سېنى كۆھىقاپقىچە ئاپىرىپ قوياي، ئۇنىڭ نې-
رىسىنىڭ ئامالىنى ئۆزۈڭ قىلغىن، — دەپتۇ.
شاھزادە ماقۇل بوپتۇ. ئوتتۇرانچى دىۋە قىز شاھزادى-
نى كۆھىقاپقا ئاپىرىپ قويۇپ:
— ئەمدى ئۆزۈڭ ئامال قىل، — دەپ كېتىپ قاپتۇ.
شاھزادە كۆھىقاپقا قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇ كېتىۋېتىپ
بىر تورغاينى تۇتۇۋېلىپ، لازىم بولۇپ قالار، دەپ قوينىغا
سېلىۋاپتۇ. ئۇ تاغ ئېغىزىغا يېقىن بېرىشىغا توپا - چاڭ
كۆتۈرۈلۈپتۇ، قارىسا ئىككى دىۋە سوقۇشۇۋاتقانىكەن.
شاھزادە دىۋىلەرنىڭ يېنىغا بېرىپ:
— سىلەر نېمىشقا سوقۇشىسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ.
دىۋىلەر شاھزادىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ سوقۇشۇشتىن توخ-
تاپتۇ ۋە بىرسى:
— سەن ئۆزۈڭ كىم؟ بۇ يەرگە نېمىدەپ كەلدىڭ؟ —
دەپتۇ.
— مەن سىلەرنىڭ جېدەللىشىۋاتقانلىقىڭلارنى ئاجرىتىپ قويغىلى
كەلدىم. سىلەر كىم؟ نېمىنى تالىشىۋاتىسىلەر؟ — دەپ
سوراپتۇ شاھزادە.
— بىز سۇلايمان قالپىقىنى تالىشىۋاتىمىز. ئۇنى
كىيگەن ئادەم ھېچكىمگە كۆرۈنمەيدۇ، ئۇ بىر خاسىيەتلىك
قالپاق. سەن بۇ جېدەلنى ئايرىپ قويالامسەن؟ — دەپتۇ

دىۋىلەر. شاھزادە ئويلانغان قىياپەتتە بىرئاز تۇرۇپ:

— مەن بىر تاشنى يىراققا قارىتىپ ئاتاي، شۇ تاشنى كىم ئاۋۋال مېنىڭ يېنىمغا ئېلىپ كەلسە قالپاق شۇنىڭ بولسۇن، بۇنىڭغا رازى بولامسىلەر؟ — دەپتۇ. دىۋىلەرنىڭ ھەر ئىككىسى بۇ تەكلىپكە ماقۇل بوپتۇ. شاھزادە:

— قېنى، سىلەر قالپاقنى ئاۋۋال ماڭا بېرىڭلار، ئاندىن مەن تاشنى ئاتاي، — دەپتۇ. دىۋىلەر قالپاقنى بېرىپتۇ. شاھزادە قالپاقنى قولىغا ئېلىپ، قوينىدىن تورغاينى چىقىرىپ:

— مانا تاشنى ئاتتىم، — دەپ ئاسمانغا قارىتىپ ئېتىپتۇ. تورغاي بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر پەسلەپ ئۇچۇپ، ئۇچۇپ كېتىپتۇ. ئىككى دىۋە تورغاينى تۇتىمىز، دەپ يۈگۈرۈپ كېتىپتۇ. شاھزادە شۇ ھامان قالپاقنى بېشىغا كىيىپ كۆھقاپنىڭ ئىچىگە كىرىۋاپتۇ. شاھزادە كۆھقاپ ئىچىدە مەلىكىنى ئىزدەپ ئۇزاق يول يۈرۈپ، ئاخىر مەلىكىنى ئۇچرىتىپتۇ. قارىسا مەلىكە بىر قەپەسكە سولانغان بولۇپ، چاچلىرى ئاقىرىپ، چىشلىرى چۈشۈپ، قورۇق بېسىپ، ماك ـ ماك مومايغا ئايلىنىپ كەتكەنىكەن. شاھزادە مەلىكىنى بۇ ھالدا كۆرۈپ، بېشىدىن قالپىقىنى ئالغانىكەن، ئۇمۇ بىردەمدە بىر بوۋايغا ئايلىنىپ قاپتۇ. مەلىكە شاھزادىنى كۆرۈپ ھوشىدىن كېتىپتۇ. شاھزادە مەلىكىنى مىڭ تەسلىكتە ھوشىغا كەلتۈرۈپتۇ. مەلىكە شاھزادىگە:

— سىز بۇ يەردىن تېز كېتىڭ، دىۋە ئويغىنىپ كەت-

سە ئامان قالمايسىز، — دەپتۇ.

— ياق، مەن سىزنى قۇتقۇزىمەن، دىۋە نەدە؟ مەن ئۇنى ئۆلتۈرىمەن، — دەپتۇ شاھزادە.

— دىۋىنىڭ جېنى ئۆزىدە ئەمەس، — دەپتۇ مەلىكە.

— ئۇنىڭ جېنى نەدە؟ — سوراپتۇ شاھزادە.

مەلىكە مۇنداق دەپتۇ:

— مۇشۇ يەردىن ئالدىڭىزغا قاراپ ماڭسىڭىز يەتتە دەرۋازا بار، ھەربىر دەرۋازا تۈۋىدە نەچچە خىل يىرتقۇچ ھايۋان تۇرىدۇ. سىز ئۇلاردىن قورقماي، مەلىكىنىڭ ئەمرى دەپ ماڭسىڭىز، ئامان - ئېسەن يۈرۈۋېرىسىز. يەتتىنچى دەرۋازىدىن كىرسىڭىز، بىر كىچىك ئىشىك بار، ئىشىكنى ئاچسىڭىز، ئۇنىڭ ئىچى قاراڭغۇ. ئىشىكتىن، مەلىكىنىڭ ئەمرى دەپ، قەدەم باسسىڭىز يورۇيدۇ. بىر ھۇجرىغا كىرسىڭىز، ھۇجرىدا بىر تەخت بار، تەختنىڭ ئاستىدا بىر ساندۇق بار. ساندۇقنى ئاچسىڭىز، ئىچىدە بىر تۇخۇم بار. شۇ تۇخۇمغا دىۋىنىڭ جېنى بەند قىلىنغان. تۇخۇمنى چېقىۋېتەلىسىڭىز، دىۋىنى ئۆلتۈرەلەيسىز.

شاھزادە ماقۇل بولۇپ، مەلىكىنىڭ دېگىنى بويىچە يەتتە دەرۋازىدىن ئۆتۈپ كىچىك ئىشىك ئارقىلىق ھۇجرىغا كىرىپتۇ ۋە چاققانلىق بىلەن ساندۇقنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ تۇخۇمنى ئېلىپ يەرگە قاتتىق ئۇرغانىكەن، تۇخۇم چېقىلىپ ئىچىدىن بىر جۆجە چىقىپ دىۋە تەرەپكە قېچىپتۇ. شاھزادە ئۇنى تۇتۇۋاپتۇ. شۇ چاغدا دىۋە ئويغىنىپ:

www.uyghurkitap.com



— ئەي ئادەمزات، ئۇنى ئۆلتۈرمە، نېمە تەلىپىڭ بولسا ئورۇنداي، — دەپتۇ. شاھزادە:

— ئۇنداق بولسا بۇ يەردىكى ھەممە سېھىرنى يوقات، — دەپتۇ.



دىۋە بۇ تەلەپكە ماقۇل بولمىغانىكەن، شاھزادە چۈجىنىڭ بويىنىنى ئۈزۈپ تاشلاپتۇ، شۇ ھامان دىۋىنىڭ جېنى چىقىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن شاھزادە مەلىكىنى قەپەستىن بوشىتىپ، خىزىر نىيازنى تېپىپ:

— ئەي خىزىر نىياز، مەن ساڭا نېمە قىلغان، نېمە ۋەجدىن مېنى تاشلاپ كېتىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ. خىزىر نىياز زۇۋانغا كىرىپ:

— ئەي شاھزادە، سەن ئىلگىرى مېنى ئۆزۈڭدىن ئايرىماي ساقلايدىغان، قاچان خوتۇن ئالدىڭ، مېنى كۆڭلۈڭدىن چىقىرىۋەتتىڭ، كارىڭ بولمىدى، شۇڭا كەتتىم، — دەپتۇ.

شاھزادە ئۆزىنىڭ سەۋەنلىكىنى بويىنىغا ئاپتۇ ۋە مەلىكە بىلەن يۇرتىغا قاراپ راۋان بوپتۇ. ئۇلار تاغلاردىن ئېشىپ، چۆللەرنى كېزىپ، بىر جەزىرە ئىچىدىكى بۇلاق

بويغا كىلىپ چۈشۈپتۇ. ئۇلار بۇلاق سۈيىدە يۈز ـ كۆزد-
نى يۇيۇپ، سۇدىن قانغۇچە ئىچىپ، راھەتلىنىپ ئۇخلاپ
قاپتۇ. شاھزادە چۈشىدە ئاپئاق ساقال، نۇرانە چىراي بىر
بوۋاينى كۆرۈپتۇ. بوۋاي: «ئەي ئوغلۇم، سىلەر ئەمدى مۇ-
شۇ بۇلاقتا يۇيۇنساڭلار ئەسلىڭلارغا قايتىسىلەر» دەپتۇ.
شاھزادە ئويغىنىپ، مەلىكىگە كۆرگەن چۈشىنى سۆزلەپ
بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بۇلاق سۈيىدە يۇيۇنۇپتۇ ـ
دە، دەرھال ئەسلىگە كېلىپ قاپتۇ. ئۇلار بۇنىڭدىن چەك-
سىز خۇشاللىنىپ چۆمۈپ، خۇداغا ھەمدۇسانا ئوقۇپتۇ. ئۇلار
يولىنى داۋاملاشتۇرۇپ بىر تاغقا كەلگەندە، ئالدىدىن بىر
دىۋە چىقىپ كەپتۇ. ئۇ دىۋە شاھزادىگە:
— ئەي شاھزادە، مانا مەن سەن ئاتقان تاشنى تېپىپ
كەلدىم، قالپاقنى بەرگىن، — دەپ تورغاينى شاھزادىگە
بېرىپتۇ. شاھزادە:
— سېنىڭ ھېلىقى ھەمراھىڭ قېنى؟ — دەپ
سوراپتۇ.
— ئۇ ئاچچىقىدا چىدىماي ئۆلۈپ قالدى، — دەپتۇ
دىۋە. شاھزادە ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ:
— سەن ئادەمزاتقا زىيان يەتكۈزمەسلىككە ۋەدە بەر-
سەڭ قالپىقىڭنى قايتۇرۇپ بېرىمەن، — دەپتۇ.
دىۋە ئادەمزاتقا زىيان يەتكۈزمەسلىككە ۋەدە بېرىپتۇ.
شاھزادە ئۇنىڭ قالپىقىنى قايتۇرۇپ بېرىپتۇ. دىۋە قالپاق-
نى بېشىغا كىيىپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ.

شاھزادە بىلەن مەلىكە ئاخىر يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ، شاھ ۋە ناۋاي بىلەن كۆرۈشۈپتۇ. پادىشاھ بالىلىرى بىلەن قايتا جەم بولغانلىقىغا خۇشال بولۇپ، كاتتا توي قىلىپ بېرىپتۇ.

كۈنلەر، ھەپتىلەر ئۆتۈۋېرىپتۇ. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە شاھزادىنىڭ چۈشىگە ئۆز ئاتا - ئانىسى كىرىپتۇ. شاھزادە ئۆز يۇرتى، ئۆز ئاتا - ئانىسىنى سېغىنىپ، ئۆزىنى ئاشكارىلاپ، پادىشاھتىن ئىجازەت سوراپتۇ. پادىشاھ شاھزادىنىڭ ئۆز شەھىرىگە قايتىشىغا رۇخسەت قىپتۇ. شاھزادە پادىشاھ بىلەن خوشلىشىپ، مەلىكە بىلەن بىللە ئۆز شەھىرىگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇ ئۇزۇن يوللارنى كەينىدە قالدۇرۇپ، ئۆز شەھىرىگە ئامان - ئېسەن يېتىپ بېرىپ، شاھ ئاتىسى، خانىش ئانىسى بىلەن خۇشال كۆرۈشۈپتۇ. شەھەر خەلقى شاھزادىنىڭ قايتىپ كەلگىنىگە تەنتەنە قىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن شاھزادە ئۆمرىنى ئۆز يۇرتىدا ئاتا - ئانىسى، ئامراق ئايالى بىلەن خاتىرجەم ئۆتكۈزۈپتۇ.

# ئاق كۆڭۈل دېھقان

ئۆتكەن زاماندا ناھايىتى ئادىل بىر پادىشاھ بار ئىد-
كەن، ئۇ خەلقنىڭ يىگىنچىلىك مۈلكىگىمۇ زىيان يەتكۈز-
مەيدىكەن، شۇڭا كىشىلەر ئۇ پادىشاھنى بەكمۇ ياخشى كۆ-
رىدىكەن.

كۈنلەردىن بىر كۈنى، شۇ ئەلدە ياشاۋاتقان بىر كىشى
باشقا ھۈنەر قىلماقچى بولۇپ، بىر پارچە يېرىنى دېھقان
قوشنىسىغا سېتىپتۇ. ئەتىياز كىرىشى بىلەنلا يەر سې-
تىۋالغۇچى دېھقان قوش ھەيدەشكە كىرىشىپتۇ. چۈش
مەزگىللىرىگە كەلگەندە، قوشنىڭ چىشى بىرنەرسىگە تاقى-
لىپ قاپتۇ. دېھقان قارىغۇدەك بولسا، بىر كېسەك چىقىپ-
تۇ، كېسەكمۇ شۇنداق قاتتىق بولارمۇ، دەپ يەرگە بىر
ئۇرسا، ئۇستىدىن لاي ۋە توپىلار ئۆۋۈلۈپ چۈشۈپ، ئىچى-
دىن كۆزنى چېقىپ تۇرىدىغان بىر كېسەك ئالتۇن چىقىپ-
تۇ. دېھقان شۇ يەردىلا ئۆيلارنى قوشتىن چىقىرىپ، ھېلى-
قى يەر ساتقان كىشىنى ئىزدەپ تېپىپ:

— سېنىڭ ساتقان يېرىڭنى بۈگۈن ھەيدەۋاتقىنىمدا

www.uyghurkitap.com

بىر كىسەك ئالتۇن چىقتى، بۇ يەر ئەسلى سىنىڭ بولغىنى ئۈچۈن ئالتۇننى ساڭا ئەكەلدىم، — دەپ، ئالتۇننى يەر ساتقۇچىغا ئۇزىتىپتۇ. يەر ساتقۇچى ئادەم ھاڭ-تاڭ بولۇپ تۇرۇپ قىلىپ:

— ئۇ يەر مەندە نەچچە يىللاپ تۇردى، مەنمۇ شۇ يەرنى نەچچە ئون قېتىملاپ ھەيدىدىم، لېكىن بۇ ئالتۇن ماڭا يولۇقمىغان، مەن يەرنى ساتقاندىن كېيىن ساڭا يولۇقۇپتۇ. بۇنى ساڭا بۇيرۇغانىكەن، سەن ئېلىشىڭ كېرەك! — دەپ، ئالتۇننى دېھقانغا قايتۇرۇپتۇ. دېھقان سۆزىدە چىڭ تۇرۇپ ئالتۇننى ئالغىلى ئۇنىماپتۇ. يەر ساتقۇچى:

— سەن يەرنى سېتىۋېلىپ ھەيدەۋاتقىنىڭدا چىققان تۇرسا، بۇ ئالتۇننى سەن ئېلىشىڭ كېرەك! — دەپ تۇرۇۋاپتۇ. ئاخىر بۇلار مەسلىھەتلىشىپ: «بۇنى پادىشاھقا بېرەيلى، خەزىنىگە سالسۇن» دېيىشىپ، پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ، بولغان ۋەقەنى بايان قىپتۇ. پادىشاھ بۇ ئىككى ئاق كۆڭۈل كىشىنىڭ ئىشىدىن تەسىرلىنىپ:

— بۇنى مەنمۇ ئالمايمەن، چۈنكى بۇ سىلەرنىڭ ھەققىڭلار. ئەمما، ئىككىڭلارنىڭ گېپىگە قارىغاندا ھەر ئىككىڭلارمۇ ئالمىغۇدەكسىلەر، بۇنى ئەمسە مۇنداق ھەل قىلايلى، — دەپتۇ، ئاندىن ئۇلارنىڭ بالىلىرىنىڭ بار-يوقلۇقىنى سوراپتۇ.

— دۇنيالىقتا بەش ياشقا كىرگەن بىر قىزىم بار، — دەپتۇ يەر ساتقۇچى.

— يەتتە ياشقا كىرگەن بىرلا ئوغلۇم بار، — دەپ-
تۇ يەر ئالغۇچى.
— ئۇنداق بولسا، ئىككىڭلار قۇدا بولۇڭلار ۋە هازىر-
دىن باشلاپ توختاملىشىپ قويۇڭلار، بالىلىرىڭلار چوڭ بو-
لۇپ، بىللە ياشىغاندىن كېيىن، بۇ ئالتۇننى شۇلار ئىش-
لەتسۇن. بۇ توختام بىلەن ئالتۇننى مەھەللەڭلەردىكى دىيا-
نەتلىك بىر كىشىگە تاپشۇرۇڭلار، شۇ ساقلاپ قويسۇن، —



دەپتۇ پادىشاھ.

ئۇلار پادىشاھنىڭ دېگەنلىرىگە رازى بولۇپ قايتىپتۇ ۋە پادىشاھنىڭ دېگەنلىرىنى ئورۇنداپتۇ.

بىرنەچچە يىلدىن كېيىن قىز بىلەن ئوغۇلنىڭ دادىلىرى كېسەل بولۇپ ئۆلۈپ كېتىپ، بالىلىرى دادىلىرىنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە بىر - بىرى بىلەن نىكاھلىنىشىپتۇ. بىر كۈنى مەھەللىدىكى بىر مويسىپىت كىشى بۇلارنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، بىر كېسەك ئالتۇننى ئىككىسىگە تاپشۇرۇپتۇ. قىز بىلەن ئوغۇل بۇ ئەھۋالنى ئۇقۇپ ئويلىنىپ قاپتۇ. بىر چاغدا يىگىت خوتۇنىغا:

— دادىلىرىمىز قېرىغىنىغا قارىماي تەييار دۇنيانى ئىشلەتمەپتىكەن. بىز ياش تۇرۇپ تەييارغا ئىگە بولىمىزمۇ؟ — دېگەنىكەن، خوتۇنىمۇ ئۇنىڭ سۆزىگە قوشۇلۇپتۇ. ئىككىسى بۇ كېسەك ئالتۇننى ئېلىپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. پادىشاھ ئۆلۈپ كېتىپ، ئوغلى پادىشاھلىق قىلىۋاتقانىكەن، ئەمما ئاۋۋالقى پادىشاھنىڭ ۋاقتىدىكى ۋەزىر ھېلىمۇ بار ئىكەن. ئۇ ۋەزىر پادىشاھنىڭ ئوغلىغا ئۆتكەن ۋەقەنى ئېيتىپ بېرىپتۇ.

— داداممۇ بۇنى ئېلىشنى لايىق كۆرمەي، سىلەرگە قالدۇرۇپتىكەن، — دەپتۇ ئۇ، — سىلەرنىڭ ساپ كۆڭلۈڭلار ماڭىمۇ تەسىر قىلدى. ئەمدى بۇنى مۇشۇنداق تالاش - تارتىش بىلەن ئىشلەتمىسەك، ھېچنېمىگە پايدىسى تەگمەيدۇ. ئۇنى قانداق ئىشلىتىش توغرۇلۇق ۋەزىر مەسلىھەت

بەرسۇن.

ئىككىيلەن بۇ سۆزگە رازى بولۇشۇپتۇ.

— بىزنىڭ پادىشاھىمىزدىن تارتىپ، — دەپ گەپ باشلاپتۇ ۋەزىر كۆزىگە ياش ئېلىپ، — ئاددىي پۇقراغىچە ھەممە ئادەم ئادىل، توغرا بولغانلىقتىن يۇرتمۇ پاراۋان، باي بولۇپ كەلدى. مەن بۇ ئاتا ـ بالا تۆت كىشىنىڭ ساپ كۆڭۈللۈكىدىن رازى، پادىشاھنىڭ ئادىللىقىدىن رازى. ئەمدى بۇ كېسەك ئالتۇنغا بىر باغ بىنا قىلدۇرايلى، ئۇ-نىڭدا دۇنيادىكى ھەممە مېۋە بار بولسۇن، بۇ باغ خەلقنىڭ بولسۇن، بۇ باغنىڭ مېۋىلىرىنى خەلق يېسۇن.

بۇ گەپكە پادىشاھمۇ، ئەر ـ خوتۇنمۇ رازى بوپتۇ. شۇ-نىڭ بىلەن بۇ ئالتۇننىڭ بەدىلىگە شۇنداق چوڭ باغ بىنا قىلىنىپتۇكى، پۈتۈن يۇرت خەلقى ئۇ باغنىڭ مېۋىلىرىنى يېسىمۇ تۈگىمەپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# ئات باقار

بورون، بورون، بورونكەن،
ئات ئېغىلى ئورونكەن.
ئات باقارنىڭ باققىنى
بوز ئات بىلەن توروقكەن.



بىر پادىشاھنىڭ ئىككى ياخشى ئېتى بولۇپ، بىرى بوز، بىرى توروقكەن. پادىشاھ بۇ ئىككى ئېتىنى تولىمۇ ياخشى كۆرىدىكەن، شۇڭا ئىككى ئاتقا خاس ئات باقار تاللاپ، باشقا ئاتلاردىن ئايرىپ باقتۇرىدىكەن. ئات باقار ئىككى ئاتنىڭ ئەھۋالىنى ھەر ئون بەش كۈندە بىر قېتىم پادىشاھقا مەلۇم قىلىپ تۇرىدىكەن. شۇڭا، پادىشاھ ئات باقارغا ئىشىنىدىكەن ۋە ئۇنى: «راستچىل ئادەم» دەپ بىلىدىكەن.

بىر كۈنى پادىشاھ ئەمەلدارلىرى بىلەن سۆھبەتلىشىپ ئولتۇرۇپ، ئات باقارنى: «زادىلا يالغان ئېيتمايدىغان ئادەم» دەپ تەرىپىنى قىپتۇ. شۇئان ئوڭ قول ۋەزىر ئورنىدىن

تۇرۇپ:

ــ مەن يالغان ئېيتقۇزسام، قانداق قىلىسىز؟ ــ دەپتۇ پادىشاھقا. پادىشاھ:

ــ يالغان ئېيتقۇزساڭ پادىشاھلىقىمنى بېرىمەن، ئېيتقۇزالمىساڭ كاللاڭنى ئالىمەن! ــ دەپتۇ. ئوك قول ۋەزىر بۇنىڭغا رازى بوپتۇ. پادىشاھنىڭ ئەمرى بىلەن كۆپ-چىلىك بىر پۈتۈك پۈتۈپتۇ، ھەممىسى ھەقدارلىقى ھەققىدە مۆھرىنى بېسىپتۇ، مۆھرى يوقلىرى بارمىقىنى بېسىپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن ئوك قول ۋەزىر ئات باقارغا قانداق قىلىپ يالغان ئېيتقۇزۇشنىڭ چارىسىنى ئويلاپتۇ. ئۇ ئات باقارنىڭ يېنىغا بېرىپ، بوز ئات بىلەن تورۇق ئاتنىڭ ئەھۋالىنى سوراپتۇ، ئاندىن ئات باقارغا:

ــ سەن بۈگۈندىن باشلاپ بۇ ئىككى ئاتنى يوقات! ــ دەپتۇ. ئات باقار ھەيران بولۇپ:

ــ قانداق يوقىتىمەن؟ يوقالسا، پادىشاھقا نېمە دەي-مەن؟ ــ دەپتۇ.

ــ يوقىتىش ئاسان، ــ دەپتۇ ئوك قول ۋەزىر، ــ مەن قىزىمنى ساڭا بېرىمەن، تويدا مۇشۇ ئىككى ئاتنى سويىسەن، پادىشاھقا ئاتلار ئۆلۈپ قالدى دەيسەن، ــ دەپ-تۇ. ئات باقار ئۇزۇندىن بېرى ئوك قول ۋەزىرنىڭ قىزىغا غايىبانە ئاشىق بولۇپ يۈرگەنىكەن، شۇڭا نېرى - بېرىد-سىنى ئانچە كۆپ ئويلىمايلا ئوك قول ۋەزىرنىڭ دېگىنىگە ماقۇل بوپتۇ. ئات باقار توينىڭ قەرەلى توشۇشتىن بىر

كۈن ئاۋۋال ئىككى ئاتنى ئوڭ قول ۋەزىرنىڭ ئۆيىگە ئە-
ۋەتىپ بېرىپتۇ، ئىككى ئات سويۇلۇپ، گۆشى تويى كۈنى
جامائەتكە تارتىلىپتۇ. كەچتە نىكاھ ئوقۇلۇپ، ۋەزىرنىڭ
قىزى ئات باقارنىڭ ئۆيىگە كۆچۈرۈلۈپتۇ.

توي ئۆتۈپ، ئاتلارنىڭ ئەھۋالىنى پادىشاھقا مەلۇم قى-
لىش ۋاقتى يېقىنلاشقانسېرى، ئات باقارنىڭ بېشىنىڭ ئى-
چىمۇ، تېشىمۇ قېتىپتۇ، پادىشاھقا نېمە دېيىش توغرىسىدا
كۆپ ئويلىنىپتۇ، ئاخىر ئۇنىڭ كاللىسىغا مۇنداق بىر
ئەقىل كىرىپتۇ:

ئۇ ئات ئېغىلىنىڭ نېرىسىدىكى دۆڭگە بىر تال يا-
غاچنى سانجىپتۇ، ياغاچقا ئۆزىنىڭ تۇمىقىنى كىيدۈرۈپتۇ،
ئاندىن يېنىپ كېلىپ، يۈگۈرگەن پېتى ھېلىقى ياغاچنىڭ
ئالدىغا بېرىپتۇ - دە، ئۇنى «پادىشاھ» بىلىپ:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ھۆرمەتلىك شاھىم، — دەپتۇ
بۇرۇنقى ئادىتى بويىچە.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، بوز ئات بىلەن توروق ئات
ئامانمۇ؟ — دەپتۇ «پادىشاھ». ئات باقارنىڭ يۈرىكى «جىغ»
قىلىپ، يۈزى ئوت ئاپتۇ. ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ:

— ئۆلۈپ قالدى ! — دەپ بولۇپ: «ئاپلا، بۇ سۆزۈم
قاملاشمىدى» دەپ بۇرۇلۇپ ئۆيىگە قايتىپتۇ.

ئەتىسى يەنە ھېلىقى ئۆزى ياساپ قويغان ياغاچنىڭ
يېنىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ھۆرمەتلىك شاھىم، — دەپ

سالام بېرىپتۇ. «شاھ» مۇ تۇنۇگۇنكىدەكلا:

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، بوز ئات بىلەن تورۇق ئات ئامانمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئوغرى ئېلىپ كەتتى ! — دەپتۇ ـ دە: «ئاپلا، بۇ سۆزۈم تېخىمۇ قاملاشمىدى» دەپ، يەنە ئۆيگە يېنىپ كەپتۇ.

ئۆگۈنى يەنە ياغاچىنىڭ ئالدىغا بېرىپ سالام بېرىپتۇ. «شاھ» ئۇنىڭ سالىمىغا سالام قايتۇرۇپ، ئاتلارنىڭ ئەھۋالىنى سورىغانىكەن، ئات باقار:



— بوز ئات بىلەن تورۇق ئات ئوڭ قول ۋەزىرنىڭ قازىنىدا قاينىدى، ئات باقار ۋەزىرنىڭ قىزىنىڭ قوينىدا يايرىدى، — دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن: «توغرا جاۋاب تاپتىم» دەپ، ئات باقارنىڭ كۆڭلى يو-

روُپ، خوُشال بولوُپ ئۆيىگە قايتىپتوُ.

ئاڭغىچە ئاتلارنىڭ ئەھۋالىنى پادىشاھقا مەلۇم قىلىش قەرەلى توشۇپتوُ. پادىشاھ ئۆتكەنكى ۋەدىسى بويىچە ھەممە ئەمەلدارلىرىنى يىغىپ ئولتۇرۇپتوُ. ئات باقار ئوردىغا كىرىپ كەپتوُ ـ دە:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ھۆرمەتلىك شاھىم، — دەپ سالام بېرىپتوُ. پادىشاھ:

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، بوز ئات بىلەن توروُق ئات ئامانمۇ؟ — دەپ سوراپتوُ. ئات باقار:

— بوز ئات بىلەن توروُق ئات ئوڭ قول ۋەزىرىنىڭ قازىنىدا قاينىدى، ئات باقار ۋەزىرىنىڭ قىزىنىڭ قوينىدا ياتىدى، — دەپ راستىنى ئېيتىپتوُ. ئوڭ قول ۋەزىرىنىڭ يۈرىكى پوكۇلداپ، چىرايى بىردىنلا تاتىرىپ كېتىپتوُ. پادىشاھ كۆپچىلىكتىن:

— راست ئېيتتىمۇ، يالغانمۇ؟ — دەپ سورىغانىكەن، كۆپچىلىك:

— راست، راستىنى ئېيتتى، — دېيىشىپتوُ.

پادىشاھ پۈتۈكچىنى چاقىرىپ، ھېلىقى پۈتۈكنى ئوقۇ-توُپتوُ، ۋەدە بويىچە جاللاتنى چاقىرىپ، باشقىلارنى ئازدۇ-روُپ، يالغان ئېيتىشقا دەۋەت قىلغان ئوڭ قول ۋەزىرىنىڭ كاللىسىنى ئاپتوُ. راست سۆز ئات باقارنى ئۆزىگە ئوڭ قول ۋەزىر قىپتوُ. شۇنىڭ بىلەن ئات باقار ئات بېقىشتىن قۇتۇلۇپ قاپتوُ.

## قۇدرەتنىڭ كېچۈرمىشلىرى

بار ئىكەنۇ يوق ئىكەن، ئاچ ئىكەنۇ توق ئىكەن، بۇرۇنقى زامانلاردا بىر تىلسىمات قاپاق بولغانىكەن. بۇ تىلسىمات قاپاققا بەند قىلىنغان بىر پەرىزات بولغانىكەن. شۇ زامانلاردا بىر ئەر - خوتۇن ياشىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ قۇدرەت ئىسىملىك يالغۇز ئوغلى بار ئىكەن، ئاتا - ئانىسى ئۇنى كۆز قارىچۇقىدەك ئاسرايدىكەن. كۈنلەردىن بىر كۈنى قۇدرەتنىڭ ئاتا - ئانىسى ئۇنى داڭلىق بىر موللامغا تاپشۇرۇپ، ئۇنىڭغا ياخشى تەلىم - تەربىيە بېرىشنى تاپىلاپتۇ.

قۇدرەتمۇ ئىلىم ئۆگىنىشكە قىزىقىپتۇ. ئۇ ئىلىمدىمۇ، ياشتىمۇ تازا بالاغەتكە يېتەي، دېگەن چاغدا تۇيۇقسىز ئۇنىڭ ئۇستازى قازا قىپتۇ. يېقىن ئەتراپتىكى باشقا موللىلارغا ئۇنىڭ تازا ئىخلاسى بولمىغانلىقتىن ئوقۇشتىن توختاپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە قۇدرەت چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە ھۆسن - جامالدا تەڭدىشى يوق بىر ساھىبجامال قىز بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرغۇدەكمىش. ئۇ چۆچۈپ ئويـ-

غىنىپ ئۆزىنىڭ چۈش كۆرگەنلىكىنى بىلىپ، شۇ كۈندىن باشلاپ چۈشىدە كۆرگەن قىزغا غايىبانە ئاشىق بوپقاپتۇ، قىزنىڭ ئىشقىدا ھەسرەت چېكىپ، رەڭگىرويى كۈندىن ـ كۈنگە سارغىيىپ كېتىپتۇ.

ئاي، يىللار ئۆتۈپ، قۇدرەتنىڭ يېشى يىگىرمىگە يې-تىپتۇ. ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق قىلىپ قويۇش كويىغا چۈشۈپتۇ ھەمدە نۇرغۇن گۈزەل قىزلارنى ئۇنىڭغا سايە قىپتۇ، بىراق قۇدرەت ئۇلارنىڭ ھېچقايىسى-سىنى ياقتۇرماپتۇ. بىر كۈنى قۇدرەتنىڭ ئاتىسى:

— ئوغلۇم، كۆزۈمنىڭ ئوچۇقىدا ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولغىنىڭنى بىر كۆرەي. ئاناڭ بىلەن ئىككىمىزدە ماغدۇر قالمىدى، بۈگۈن بار بولغىنىمىز بىلەن ئەتە يوق. سېنىڭ تويۇڭنى كۆرسەك بىئارمان كېتەر ئىدۇق، — دەپتۇ قۇد-رەتكە. قۇدرەت ئاتىسىنىڭ گېپىنى رەت قىلىشنى ئەپ كۆرمەي:

— بولىدۇ ئاتا، — دەپتۇ ئىتائەتمەنلىك بىلەن، — سىلەرنىڭ دېگىنىڭلارچە بولسۇن. پەقەت ماڭا بىرئاز مۆھ-لەت بېرىڭلار. مەن يېقىندا بىر چۈش كۆردۈم، چۈشۈمگە قارىغاندا، سەپەرگە چىقمىسام بولمايدۇ. مېنىڭ توي ئى-شىمنى مەن سەپەردىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، سىلەر-نىڭ دېگىنىڭلار بويىچە بىر تەرەپ قىلايلى.

ئاتىسى ئوغلىنىڭ گېپىگە رازى بولۇپ، سەپەر تەرەد-دۇتىنى قىلىشقا باشلاپتۇ.

ئاتا پاتىھە بېرىپ ئوغلىنى يولغا سالپتۇ. قۇدرەت يول يۈرۈپتۇ، يول يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپتۇ، قانچىلىغان چۆل - باياۋانلارنى بېسىپ ئۆتۈپتۇ. نىھايەت، ئاسمان - پەلەك بىر تاغقا يېتىپ كەپتۇ. بۇ تاغدا ھەر خىل يىرتقۇچ ھايۋانلار كۆپ ئىكەن. ئۇلارنىڭ دەھشەتلىك ھۇۋلاشلىرىنى ئاڭلىغان قۇدرەت بىرەر پاناھ جاي تېپىپ يوشۇرۇنۇش قارارىغا كەپ- تۇ. نۇرغۇن مۇشەققەتلەر بىلەن تاغنىڭ تۆپىسىگە چىقىپ- تۇ. تۇساتتىن ئۇنىڭ ئالدىدا ئاپئاق ساقىلى كۆكسىنى يېپىپ تۇرىدىغان بىر نۇرانە بوۋاي پەيدا بوپتۇ.

— ھەي ئوغلۇم، يولۇڭ قاياققا؟ — دەپ سوراپتۇ بوۋاي قۇدرەتتىن.

— باشپاناھ ئىزدەپ يۈرىمەن، بوۋا، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ قۇدرەت.

— قەيەرلىكسەن؟ بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىپ يۈرى- سەن؟ — دەپ سوراپتۇ بوۋاي.

— ئەسلىي شەھىرى ئاباتلىقمەن. بۇ يەردە قىلىدىغان ھېچقانداق ئىشىم يوق، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ قۇدرەت.

— ئەمدى نەگە بارماقچىسەن؟ — ياندۇرۇپ سوراپتۇ بوۋاي.

— ھەي بوۋا، قەيەرگە بېرىپ، قەيەردە تۇرۇشۇمنى ئۆزۈممۇ ئېنىق بىلمەيمەن. چۈشۈمدە بىر گۈزەل قىزنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ قالدىم. قانداقلا بولمىسۇن شۇ قىزنى ئىزدەپ تاپماقچىمەن، — دەپتۇ قۇدرەت كۆڭلى-

دىكىنى بىر ـ بىرلەپ بايان قىلىپ.
ــ ئەي بالام، سەن بەكمۇ خەتەرلىك يولغا ئاتلىنىپسەن. سەن چۈشۈڭدە كۆرگەن قىز دېۋىلەر پادشاھىنىڭ قىزى. دېۋىلەرنىڭ ماكانىغا بارغان كىشىلەرنىڭ ھېچقايسىسى ئامان قايتمىغان. «يىگىت سۆزىدىن، يولۋاس ئىزىدىن قايتماس» دېگەن تەمسىل بار. نىيەت قىپسەن، ئەمدى يولۇڭدىن يانما ! مەن ساڭا يول كۆرسىتەي، ــ دەپتۇ بوۋاي، ــ مانا مۇشۇ يول بىلەن مېڭىۋېرىسەن. يولۇڭدا يەتتە تاغ ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭ تەرەپكە قاراپ ماڭساڭ، بىر چىدىغىر يول بار. ئەگەر ئادىشىپ سول تەرەپكە مېڭىپ قالساڭ، يالماۋۇزلار ماكانىغا بېرىپ قالىسەن. ئۇدۇل ماڭساڭ تاغنىڭ تۆپىسىگە چىقىسەن. بىراق، تاغنىڭ ئۇ تەرىپىدە چۈشىدىغان يول يوق. ئەگەر ئوڭ تەرەپتىكى چىغىر يول بىلەن ماڭساڭ، قېلىن قار ـ مۇزلۇقلار ئۇچرايدۇ. ئەمما، يول ئازابىدىن قورقما. بۇ يول سېنى دەريا بويىغا ئېلىپ بارىدۇ. دەريانى ياقىلاپ مېڭىۋېرىسەن. بىر جايغا بارغاندا دەريا ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. دەريانىڭ ئوڭ تارمىقىدىن ئۆتۈپ كۆنپېتىش تەرەپكە قاراپ ماڭساڭ، يولۇڭدا ئاندا ـ ساندا قۇرۇغان دەرەخلەر ۋە تەرەپ ـ تەرەپتە قوم دۆۋىلىرى ئۇچرايدۇ. دەل شۇ يەردە يەر ئاستى شەھىرى بار. بۇ شەھەرنى ئادەمزات ئۇياقتا تۇرسۇن ئۇچار قۇشلارمۇ بىلمەيدۇ. شەھەرنىڭ دەرۋازىسى تىلسىم قىلىنغان. قۇمنىڭ ئارىسىدا چوڭ بىر تۈگمەن تېشى ئۇچرايدۇ. شەھەرنىڭ دەرۋازىسى

شۇ يەردە. ئەمما، يەر ئاستى شەھىرىگە چۈشكۈچە قىرىق
بىر دەرۋازىدىن ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. ھەربىر دەرۋازىغا
بىردىن قۇلۇپ سېلىنغان، قۇلۇپلارنىڭ رەڭگى بىر - بى-
رىگە زادىلا ئوخشاشمايدۇ، ھەربىر قۇلۇپنىڭ ئۆز ئاچقۇچى
بار. ئاچقۇچلار تۈگمەن تېشىنىڭ ئاستىغا باستۇرۇپ قو-
يۇلغان. ئاچقۇچلارنى ئېلىش ئۈچۈن تۈگمەن تېشىنى ئوڭ
تەرەپكە ئايلاندۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. ئەگەر ئادىشىپ سول
تەرەپكە ئايلاندۇرۇپ قويساڭ، ئاچقۇچلار بىر - بىرىگە ئۇ-
رۇلۇپ جاراڭلاپ، ئەتراپنى غەلىتە ئاۋازلار قاپلاپ كېتىدۇ.
ئۇ چاغدا يىرتقۇچ ھايۋانلار سېنى پارە - پارە قىلىۋېتىدۇ.
ئۇنىڭ ئۈستىگە، تاش جايىدىن قوزغىلىپ كېتىپ دەرۋازا
ئېچىلمايدۇ، ئاچقۇچلارنىمۇ تاپالمايسەن. شۇنىڭ ئۈچۈن
ئالدىرىماستىن تاشنى ئوڭ تەرەپكە قىرىق بىر قېتىم
ئايلاندۇرسەن، ئاچقۇچلار ئۆزلۈكىدىن قولۇڭغا چىقىدۇ.
دىۋىلەر دەرۋازىنىڭ ئېچىلغانلىقىنى سەزمەيدۇ. دەرۋازىلارنى
ئېچىشتىن بۇرۇن قۇلۇپ ۋە ئاچقۇچلارنىڭ رەڭگىگە
ئوبدانراق قارا. ئەگەر ھەربىر قۇلۇپقا ئۆز ئاچقۇچىنى
سالمىساڭ، يەنە غەلىتە ئاۋازلار پەيدا بولىدۇ. قىرىق بىر
قۇلۇپنىڭ قىرىق بىر خىل سىرى بار. ئەگەر قۇلۇپ قارا
بولسا، ئاق رەڭلىك ئاچقۇچ بىلەن ئېچىلىدۇ. قىزىل رەڭ-
لىك قۇلۇپنىڭ ئاچقۇچى ھاۋا رەڭ بولىدۇ. ئاچقۇچلارنىڭ
رەڭگى قۇلۇپلارنىڭ رەڭگىنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ. قۇلۇپلارغا
ئاچقۇچ سېلىنغاندىن كېيىن ئوڭ تەرەپكە قىرىق بىر

قېتىم ئايلاندۇرسەن، شۇ چاغدىلا دەرۋازىلار جىمجىت ئېچىلىدۇ. دەرۋازا ئېچىلغاندىن كېيىن چوقۇم ئالدى بىلەن دەرۋازا ئىچىگە ئوڭ پۇتۇڭ بىلەن قەدەم قوي، ئەگەر سول پۇتۇڭ بىلەن قەدەم قويساڭ، دەرۋازا يېپىلىپ سېنى قىسىۋالىدۇ - دە، دېۋىلەر ئويغىنىپ سېنى تىتىپ تاشلايدۇ. قىرىق بىرىنچى دەرۋازىنى ئېچىپ ئىچكىرىگە كىرسەڭ، ئوڭ تەرەپتە قىرىق بىر قاپاق بار، قاپاقلارمۇ بىر - بىرىگە ئوخشاشمايدۇ. ئەمما، بۇ قاپاقلارنىڭ ئارىسىدا بىرىنىڭ بوينىنىڭ يۇقىرى تەرىپى بىر قارىساڭ ئانارغا، بىر قارىساڭ ئالمىغا ئوخشايدۇ. شۇ قاپاقنى سول قولۇڭغا ئالغىن - دە، ئوڭ قولۇڭنىڭ ئوتتۇرا بارمىقى بىلەن قىرىق بىر قېتىم چېكىپ، ئوڭ تەرەپكە قىرىق بىر قېتىم ئايلاندۇر. شۇندىلا ئۇنىڭ ئېغىزى ئېچىلىپ، سەن چۈشۈڭدە كۆرگەن قىز چىقىپ كېلىدۇ. خەير، ئىشىڭ ئوڭدىن كەلسۇن، — دەپ بوۋاي كۆزدىن غايىب بوپتۇ.

قۇدرەت بوۋاي كۆرسەتكەن يول بىلەن مېڭىۋېرىپتۇ، نۇرغۇن تاغ، دەشتۇ باياۋان، دەريالاردىن ئۆتۈپتۇ، نۇرغۇن بالا - قازادىن قۇتۇلۇپ قۇملۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تۈگمەن تېشىنى تېپىپتۇ. ئۇنى بوۋاي ئېيتقاندەك ئوڭغا ئايلاندۇرۇپ ئاچقۇچلارنى قولغا چۈشۈرۈپتۇ. دەرۋازىلارنى ئېھتىيات بىلەن ئېچىپ قىرىق بىرىنچى ئۆيگە كىرىپتۇ. قىرىق بىر قاپاقنىڭ ئارىسىدىن بوۋاي ئېيتقان قاپاقنى تېپىپ قىرىق بىر قېتىم چېكىپتۇ - دە، ئوڭ تەرەپكە

ئايلاندۇرۇپتۇ، قاپاقنىڭ بېشىنى قىرىق بىرىنچى قېتىم ئايلاندۇرۇۋاتقاندا: «توختاڭ، مەن مۇشۇ يەردە» دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ ۋە قاپاقنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ، ئىچىدىن بىر ساھىبجامال قىز چىقىپتۇ. قۇدرەت قىزنى كۆرۈپ ھوشىد-نى يوقىتىپ يىقىلىپتۇ. قىز بولسا قۇدرەتنى بىر ئەپسۇن بىلەن ھوشىغا كەلتۈرۈپتۇ. قىز قۇدرەتنىڭ كۆكسىگە بېشىنى قويۇپ:

— بۇ يەردە ئادەمزاتنىڭ ياشىشى مۇمكىن ئەمەس، بىز بۇ يەردىن تېزرەك كېتەيلى. ئادەملەرنىڭ ئارىسىدا ئەركىن ـ ئازادە ياشايلى، — دەپتۇ.

— مەنمۇ شۇ نىيەتتە سىزنى ئەكەتكىلى كەلگەنمەن، — دەپتۇ قۇدرەت ۋە قىزنى يېتىلەپ يەر ئۈستىگە ئېلىپ چىد-قىپتۇ. ھەممە دەرۋازىنى قۇلۇپلاپ، ئاچقۇچلارنى تۇگمەن تېشىنىڭ ئاستىغا ئاۋۋالقىدەك باستۇرۇپ قويۇپتۇ.

قۇدرەت بىلەن قىز ئۇزاق يول يۈرۈپ، ئاخىر بىر دەشت ـ باياۋانغا يېتىپ كەپتۇ. قۇدرەت ئاچلىق ۋە ئۇس-سۇزلۇقتىن ھالسىراپ ھوشىدىن كېتىپ يىقىلىپتۇ. قىز-نىڭ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ دەرھال كۆز يېشى قىلىپ ئەپ-سۇن ئوقۇپتۇ، شۇ ھامان چۆل ياپيېشىل مايسىلار بىلەن قاپلىنىپتۇ. ئەتراپتا تۈرلۈك ـ تۈمەن چېچەكلەر ئېچىد-لىپ، خىلمۇخىل مېۋىلەر پىشىپ كەتكەن، سۈپسۈزۈك سۇلار ئېقىپ تۇرغان باغ پەيدا بوپتۇ. قىز قۇدرەتنى باغ-نىڭ ئىچىدىكى شىپاڭغا ياتقۇزۇپتۇ. قۇدرەت ھوشىغا كې-



لىپ كۆزنى ئاچ-
سا، ئاجايىپ گۈزەل
باغنىڭ ئىچىدە
ياتقۇدەك. ئىككىسى
بۇ يەردە خۇشال -
خۇرام ياشاشقا
باشلاپتۇ. ئاردىن
خېلى ۋاقىتلار
ئۆتكەندىن كېيىن، قۇدرەت ئەتراپتا يۇرت بار - يوقلۇقىنى
بىلىپ كېلىش ئۈچۈن سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. قىز ئۇنى
دەريا بويىدا ئۇزىتىپ قاپتۇ. شۇ چاغدا بىر قېرى كەمپىر
كېلىپ، ئۇنىڭ كىملىكىنى سوراپ، شېرىن سۆزلەر بىلەن
ھال - ئەھۋال سوراپتۇ، قۇدرەتنىڭ قەيەرگە، نېمە ئىش
بىلەن كەتكەنلىكىنى ناھايىتى زەن سېلىپ تىڭشاپتۇ. قىز
ئۇنىڭ جادۇگەر ئىكەنلىكىنى بىلمىگەچكە، بېشىدىن ئۆتكەن-
لەرنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ.

— خېنىم، سىزگە جېنىم پىدا بولسۇن. گەرچە
ھۆسن - جامالدا تەڭداشسىز، پەرى سۈپەت قىز بولسى-
ڭىزمۇ، بىر ئەيىبىڭىز بار ئىكەن، — دەپتۇ جادۇگەر ئۆ-
زىنى قىزغا مېھرىبان كۆرسىتىپ، — چېچىڭىز ۋاقىت-
سىز چۈشۈشكە باشلاپتۇ. ئەگەر مۇشۇ دەريانىڭ سۈيىدە
بېشىڭىزنى يۇسىڭىز، چېچىڭىز باشقىدىن قويۇق چىقىدۇ.

قىز باش يۇيماقچى بولۇپ دەرياغا ئېڭىشىپتۇ. جادۇ-



www.uyghurkitap.com

گەر بۇ پەيتنى غەنىيمەت بىلىپ، ئۇنى دەرياغا ئىتتىرىۋې-
تىپتۇ. قىز سۇدا بىر چۆكۈپ - بىر لەيلەپ ئېقىشقا
باشلاپتۇ. جادۇگەر قىزنىڭ ئۆلمەي قېلىشىدىن ئەنسىرەپ،
بىر ئەپسۇن بىلەن ئۇنى ئاتقا ئايلاندۇرۇۋېتىپتۇ. جادۇگەر
دەرھال قىزنىڭ كىيىملىرىنى كىيىپ ئۆزىنى پەردازلاپتۇ.

ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ، قۇدرەت سەپەردىن قايت-
تىپ كەپتۇ. جادۇگەر قىزنىڭ سىياقىدا ئۇنىڭ ئالدىغا
چىقىپتۇ. قۇدرەت سىنچىلاپ قارىسا، ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك
ئايالىغا زادىلا ئوخشىماسمىش. قۇدرەت، بۇ يەردە بىزدىن
باشقا بىرەر ئادەمزات بولمىسا، يېقىن ئەتراپتا ھېچكىم
ياشىمىسا، بۇ قانداق سىر بولدى، ئەجەب ئىش، ئۇ بىر-
قانچە كۈن ئىچىدىلا شۇنچە ئۆزگىرىپ كېتەرمۇ، يۈزلىرى
پۈرلىشىپ، رەڭگىدە قان قالماپتۇ، قارىسا ئادەم قورقىدۇ،
بۇ زادى نېمە ئىشتۇ، دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن كەچۈرۈپتۇ.
جادۇگەر ئۇنىڭ گۇمانلىنىۋاتقانلىقىنى سېزىپ، چېچىنى
يۇلۇپ يىغلاشقا باشلاپتۇ.

— سىزگە نېمە بولدى؟ نېمىگە يىغلايسىز؟ — دەپ
سوراپتۇ قۇدرەت.

— مەن يىغلىماي كىم يىغلىسۇن؟ — دەپ ۋايساپتۇ
جادۇگەر، — سىز مېنى مىڭ بىر جاپا بىلەن ئەكەلگەنىد-
دىڭىز، ئەمدى قارىغۇڭىزمۇ كەلمەيۋاتىدۇ. سىز سەپەرگە
كەتكەن كۈندىن باشلاپ گېلىمدىن سۇمۇ ئۆتمىدى، يولد-
ىڭىزغا تەلمۈرۈپ كۆزۈم ئۇيقۇ كۆرگىنى يوق. يالغۇزلۇقتا

ھەسرەت چېكىپ رەڭگىرويىم سامان بولدى. شۇنچە كۈي-
گىنىم يەتمىگەندەك، ئەمدى مېنى خارلاۋاتامسىز؟
جادۇگەر قۇدرەتنىڭ كۆكسىگە بېشىنى قويۇپ ئۆكـ-
سۈپ - ئۆكسۈپ يىغلاپتۇ. قۇدرەتنىڭ ئۇنىڭغا رەھمى كې-
لىپ كۆڭلى ئېرىپتۇ. ئۇلار يەنە بىرگە ياشاشقا باشلاپتۇ.
ئارىدىن تالاي كۈنلەر، ئايلار ئۆتۈپتۇ. بىر كۈنى سە-
ھەردە قۇدرەت ھويلىغا چىقسا، ئېغىلدا ئاتنىڭ كىشنىگىنى
ئاڭلىنىپتۇ. كىرىپ قارىسا، بىر ئاق ئارغىماق تېپىچەكلەپ
تۇرغۇدەك. ئارغىماق قۇدرەتنىڭ كۆزىگە ئىسسىق كۆرۈنۈپ-
تۇ، بىراق ئۇنىڭ قەيەردىن پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى
ئويلاپ تېگىگە يېتەلمەپتۇ. شۇ تەرىقىدە كۈنلەر يەنە ئۆتۈپ-
تۇ. جادۇگەر تائامنى كۆرسە ھۆ تۇتىدىغان ئادەتنى چىقى-
رىپتۇ.
— نېمە بولدى؟ نېمىشقا تاماق يېمەي ئۆزىڭىزنى
قىينايسىز؟ — دەپ سوراپتۇ قۇدرەت ئۇنىڭدىن تەشۋىشلى-
نىپ.
— تاماقنىڭ ھىدى دىمىغىمغا ئۇرۇلسىلا كۆڭلۈم ئاي-
نىيدۇ، — دەپتۇ جادۇگەر.
— كۆڭلىڭىز نېمىنى تارتىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ قۇد-
رەت.
ئېغىلدا پەيدا بولۇپ قالغان ئارغىماقنىڭ ئۆزى سې-
ھىرلەپ ئاتقا ئايلاندۇرۇۋەتكەن قىز ئىكەنلىكىنى بىلگەن
جادۇگەر:

— ئاق ئاتنىڭ گۆشىنى كۆڭلۈم تارتىدۇ، شۇ ئاتنى سويۇپ گۆشىنى پىشۇرۇپ بەرسىڭىز، — دەپتۇ يىغلاپسىراپ.

قۇدرەت ئاتخانىغا كىرسە ئارغىماقنىڭ كۆزلىرى چاقناپ، خۇددى ئاسمانغا ئۇچۇپ كېتىدىغاندەك ئەلپازدا چاپچىپ تۇرارمىش. بۇنى كۆرۈپ قۇدرەتنىڭ ئاتنى ئۆلتۈرۈشكە كۆڭلى قىيماي قايتىپ چىقىپتۇ.

— ئاتنى ئۆلتۈرۈشكە زادىلا كۆڭلۈم بارمايۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا گۆش تېپىپ بېرەي، — دەپتۇ قۇدرەت جادۇگەرگە.

— سىزگە مەندىن ئات ئەلا ئىكەن ـ دە. مەن سىزگە ئەگىشىپ ئاتا ـ ئانامنى تاشلاپ بۇ يەرگە كەلدىم، سىز بولسىڭىز مېنى بىر ئاتچىلىكمۇ كۆرمەيۋاتىسىز. مېنى بۇنچىلىك قىينىغاندىن كۆرە دەرياغا تاشلىۋېتىڭ، — دەپ داد ـ پەرياد ساپتۇ جادۇگەر. قۇدرەت نائىلاج ئاتنى سويۇپ گۆشىنى پىشۇرۇپ بېرىپتۇ.

ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي ئاتنىڭ قېنى تۆكۈلگەن جايدىن بىر تۇپ ئالما ئۈنۈپ چىقىپتۇ. ئالما چېچەكلەپ مېۋە بېرىپتۇ. ئارىدىن يىل ئۆتۈپتۇ، جادۇگەر قوشكېزەك تۇغۇپتۇ. بالىنىڭ بىرى ئوغۇل، بىرى قىز ئىكەن. بىر كۈنى ئۇ:

— بالىلارغا بۆشۈك كېرەك، ئالمىنىڭ ياغىچىدىن بۆشۈك ياساپ بېرىڭ، — دەپتۇ.

— بۆشۈكنى باشقا ياغاچتا ياسىسامۇ بولىدۇ. ھويلىمىزغا ھۆسن قوشۇپ تۇرغان بۇ ئالمىنى كېسىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ — دەپ ئېتىراز بىلدۈرۈپتۇ قۇدرەت.

— قانداق بىمېھىر ئادەمسىز؟ — دەپتۇ جادۇگەر، — بالىڭىزنى شۇ دەرەخچىلىك كۆرمەمسىز؟

قۇدرەت نائىلاج بىر شەھەرگە بېرىپ بۆشۈك ياسايدىغان بىر ئۇستا تېپىپتۇ ـ دە، ئۆيگە باشلاپ كەپتۇ. ئۇستام ئالمىنى كېسىپ بۆشۈك ياساشقا كىرىشىپتۇ. ئۇنىڭ غوللىرىنى ھەرىدەپ يونۇۋاتسا، ئىچىدىن دۆشە قىلىغلىق بولغۇدەك چاققانغىنە بىر بۆلىكى ئۆزلۈكىدىن ئاجراپ چىقىپتۇ. ئۇستا بۆشۈكنى ياساپ بولۇپ ھېلىقى دۆشىنى ئۆيگە ئېلىپ كېتىپ، ھېچكىمگە كۆرسەتمەي ئۇن ساندۇقىنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇپ قويۇپتۇ، ئەتىسى بالا ـ چاقىلىرى بىلەن ئېتىزغا ئىشلىگىلى كېتىپتۇ. كەچقۇرۇن ھېرىپ ـ چارچاپ قايتىپ كەلسە ئۆيلەر رەتلىك يىغىشتۇرۇلغان، ئاپئاق داستىخاندا ھورى چىقىپ تۇرغان تۈرلۈك ـ تۈمەن تائاملار تەييار تۇرغۇدەك. ئۇستا بۇ سىرنىڭ تېگىگە يېتەلمەي ھەيران بوپتۇ، ئەمما ئۇن ساندۇقىنى ئېچىپ بېقىش ئۇنىڭ خىيالىغىمۇ كەلمەپتۇ. شۇ تەرىقىدە كۈنلەر ئۆتۈۋېرىپتۇ. بىر كۈنى ئۇستا ئېتىزلىقتا بارماي ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن ماراپ تۇرغانىكەن، ساندۇقنىڭ ئىچىدىن ئاي دېسە ئاغزى بار، كۈن دېسە كۆزى بار بىر گۈزەل قىز چىقىپ كەپتۇ ۋە ئۆينى سىيرىپ ـ سۈپۈرۈپتۇ، بىردەم-



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

دىلا تائاملارنى پىشۇرۇپ داستىخانغا قويۇپتۇ. ئۇستا دەل شۇ چاغدا ئىشىكنى ئېچىپ ئۆيگە كىرگەنىكەن، قىز ساندۇقنىڭ ئىچىگە كىرىپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ.

— ئەي جامالىدىن نۇر ياغدىغان گۈزەل پەرىزات، ماڭا كىملىكىڭىزنى ئېيتىپ بېرىڭ، قانداق تەلىپىڭىز بولسا ئېيتىڭ، قولۇمدىن كېلىشىچە بەجا كەلتۈرەي، — دەپ ئىلتىجا قىپتۇ ئۇستا.

بىردىن ساندۇقنىڭ ئىچى يورۇپ، نۇرانە چىراي قىز چىقىپتۇ. ئۇستا بىلەن قىز سالاملاشقاندىن كېيىن، خۇددى ئاتا ــ بالىدەك يانمۇيان ئولتۇرۇپ مۇڭدىشىپتۇ. قىز بېشىدىن ئۆتكەن كەچۈرمىشلىرىنى بىر ــ بىرلەپ بايان قىپتۇ. ئۇستا بۇنى ئاڭلاپ ئىنتايىن تەسىرلىنىپتۇ ۋە قۇدرەتنى خەۋەردار قىلىش ئۈچۈن دەرھال سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. قۇدرەتنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، بولغان ئەھۋالنى ئۇنىڭغا دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان قۇدرەت خۇددى قانات چىقىرىپ ئۇچقان قۇشتەك يۈرۈپ قىزنىڭ يېنىغا كەپتۇ. ئۇلار ئىنتىزارلىق ئىچىدە كۆرۈشۈپ هال ــ ئەھۋال سورىشىپتۇ. قۇدرەت جادۇگەرنىڭ سېھرىگە ئالدىنىپ قالغانلىقى ئۈچۈن قىزدىن ئەپۇ سوراپتۇ. ئۆيىگە قايتىپ بېرىپ جادۇگەرنى ۋە باللىرىنى تۇتۇپ، ھەرقانچە يالۋۇرۇپ ــ يىلىنغىنىغا قارىماي ئادەم قەدىمى يەتمەس دەشت ــ باياۋانغا ئاپىرىپ جېنىدىن جۇدا قىپتۇ ــ دە، يېقىن ــ يىراقتىكى جامائەتنى چاقىرىپ توي مەرىكىسى ئۆتكۈزۈپ، قىز بىلەن يەنە

خۇشال ـ خۇرام جەم بوپتۇ، ئاندىن ئۇلار مەسلىھەتلىد-
شىپ، باشقا بىر شەھەرگە كۆچۈپ بېرىپتۇ. ئەمما، ئارىدىن
ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ شەھەرگە باشقا بىر مەملىكەتنىڭ
پادىشاھى ئۇرۇش ئېلان قىپتۇ. قورال كۆتۈرۈشكە قۇربى
يېتىدىغانلىكى ئەركەكلەرنىڭ ھەممىسى ئۇرۇشقا سەپەرۋەر
قىلىنىپتۇ. قۇدرەتمۇ ئەل قاتارى جەڭگە ئاتلىنىپتۇ.
بىراق، دۈشمەن كۈچلۈك كېلىپ، نۇرغۇن يەرلەرنى ئىشغال
قىلىۋاپتۇ. پادىشاھ پۈتۈن يۇرتقا انداقلا قىلىپ بولمىسۇن
دۈشمەننىڭ يولىنى توسۇش چارىسىنى تېپىش ھەققىدە
پەرمان چىقىرىپتۇ. قۇدرەت كەچقۇرۇن ئۆيىگە قايتىپ كې-
لىپ پادىشاھنىڭ ئەمرىنى ئايالىغا سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئايالى
بىرئاز ئويلانغاندىن كېيىن، ئۇرۇشتا يېڭىشنىڭ ئامال ـ
چارىلىرىنى قۇدرەتكە بىر ـ بىرلەپ دەپ بېرىپتۇ. ئەتىسى
قۇدرەت پادىشاھنىڭ ھوزۇرىغا كىرىپ، خوتۇنى كۆرسەتكەن
چارىلەرنى پادىشاھقا بايان قىپتۇ. بۇ چارىلەر پادىشاھقا يې-
قىپتۇ. نەتىجىدە، شۇ چارە ـ تەدبىرلەر بويىچە جەڭ قى-
لىپ، نەچچە كۈن ئۆتمەي دۈشمەن چېكىندۈرۈلۈپتۇ. پادى-
شاھ قۇدرەتنى باش سەركەردە قىلىپ تەيىنلەپتۇ. قۇدرەت
باشچىلىقىدىكى لەشكەرلەر جان پىدالىق بىلەن كېچە ـ
كۈندۈزلەپ جەڭ قىلىپ، دۈشمەننى تاكى ئۆز مەملىكىتى-
گىچە قوغلاپ بېرىپتۇ. پادىشاھ بۇ غەلىبىنىڭ شەرىپىگە
چوڭ يىغىلىش ئۆتكۈزۈپتۇ ھەمدە قۇدرەتنى ئۆزىنىڭ قى-
رىق بىرىنچى ۋەزىرى قىلغانلىقىنى جاكارلاپتۇ. ئەسلىدە

پادىشاھنىڭ قىرىق ۋەزىرى بولۇپ، ھەر كۈنى بىرى پادى-
شاھقا ئاتاپ ئۆيىدىن تائام پىشۇرۇپ ئەكېلىدىكەن. ئارىدىن
قىرىق كۈن ئۆتۈپ، نۆۋەت قۇدرەتكە كەپتۇ. قۇدرەتنىڭ ئا-
يالى تاماق ئېتىپتۇ. ئۇنى ئۇسۇشتىن بۇرۇن تۇزىنى تې-
تىپ كۆرۈپتۇ ھەمدە قازاننى يەنە بىر قېتىم ئارىلاشتۇ-
رۇپ، ئاندىن تاماقنى ئۇسۇپتۇ. ئۇنىڭ لېۋى تەگكەن چۆ-
مۈچتىن تاماققا بىر لەززەت قوشۇلۇپتۇ. قۇدرەت تاماقنى
پادىشاھقا ئاپىرىپتۇ. پادىشاھ تاماقنى تېتىپ كۆرۈپ، ھۇ-
زۇر بىلەن ئاغزىنى تامشىپتۇ.

— ئۆمرۈمدە بۇنداق لەززەتلىك تاماقنى يېمىگەنىدىم.
ئايالىڭىز تاماققا ئىنتايىن ئۇستا ئىكەن، — دەپ ماختاپ-
تۇ پادىشاھ قۇدرەتنى.

ئارىدىن يەنە قىرىق كۈن ئۆتۈپتۇ. پادىشاھقا تاماق ئا-
پىرىش نۆۋىتى يەنە قۇدرەتكە كەپتۇ. بۇ نۆۋەت پادىشاھ ۋە-
زىرلىرىدىن بىرىنى قۇدرەتنىڭ ئارقىسىدىن پايلاقچىلىق
قىلىشقا ئەۋەتىپتۇ. ۋەزىر ئۆگزىگە چىقىۋېلىپ تۈڭلۈكتىن
قاراپ تۇرۇپتۇ. قۇدرەتنىڭ ئايالى تاماقنى ئۇسۇشتىن بۇ-
رۇن يەنە تۇزىنى تېتىپتۇ. قۇدرەت تاماقنى پادىشاھقا ئې-
لىپ بېرىپتۇ. تاماق ئالدىنقى قېتىمقىسىدىنمۇ لەززەتلىك
ئىكەن. پايلاقچى ۋەزىر پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ:

— ئەي پادىشاھىئالەم، ئەمرىڭىزنى بەجا كەلتۈردۈم.
تاماقنى ئۇسۇشتىن بۇرۇن خوتۇنى بىر قېتىم تۇزىنى تې-
تىپ كۆرىدىكەن، بۇنىڭدىن باشقا بىرەر سىرنى بايقىمىد-

دىم. قۇدرەتنىڭ خوتۇنى شۇ قەدەر گۈزەل ئىكەنكى، ئەگەر يۈزىدە چۈمبىلى بولمىسا، ھۆسنى ئاسماندىكى ئاينىمۇ خىرە قىلىپ قويغۇدەك. ئۆمرۈمدە بۇنداق پەرى رۇخسار ئايالنى كۆرمىگەنمەن، — دەپتۇ. ۋەزىرنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان پادىشاھ قۇدرەتنىڭ ئايالىغا غايىبانە ئاشىق بولۇپ قاپتۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ پادىشاھ قۇدرەتنى كۆزدىن يوقىتىپ، ئۇنىڭ ئايالىنى قولغا چۈشۈرۈش كويىغا چۈشۈپتۇ. پادىشاھ قىرىق ۋەزىرىنى چاقىرىپ، بۇ ھەقتە مەسلىھەت سوراپتۇ. قىرىق ۋەزىر قىرىق خىل مەسلىھەت بېرىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرىنىڭ مەسلىھەتى پادىشاھقا يېقىپتۇ. ئۇنىڭ مەسلىھەتىچە، قۇدرەت كۆھىقاپقا بېرىپ دىۋىلەرنىڭ بېغىدا ئۆسىدىغان سېرىقگۈلدىن بىر دەستە ئەكېلىشى كېرەك ئىكەن. ۋەزىر قۇدرەتنىڭ كۆھىقاپقا بېرىپ ساق - سالامەت قايتىپ كېلىشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىگە، دىۋىلەرنىڭ ئۇنى بىردەمدىلا پارە - پارە قىلىپ تاشلايدىغانلىقىغا پادىشاھنى ئىشەندۈرۈپتۇ. پادىشاھ ۋەزىرنىڭ مەسلىھەتى بويىچە قۇدرەتنى كۆھىقاپقا بېرىپ گۈلنى ئەكېلىشنى تاپشۇرۇپتۇ.

قۇدرەت ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ ئايالىدىن مەسلىھەت سوراپتۇ. ئايالى ئۇنىڭ چىرايىدىكى تەشۋىشنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ:

— سىز زادىلا غەم يېمەڭ. پادىشاھ ئاتامنىڭ بېغىدىكى سېرىقگۈلنى ئەكېلىشنى بۇيرۇپتۇ. مەن دىۋىلەرگە خەت



www.uyghurkitap.com

پۈتۈپ بېرىمەن، ئۇلار سىزنىڭ بارلىق ئىستىكىڭىزنى ھەل قىلىپ بېرىدۇ، — دەپتۇ ۋە شۇ زامات خەتنى پۈتۈپ، قۇدرەتنى يولغا سېلىپتۇ. قۇدرەت تېخى مەھەللىنىڭ سىرتىغا چىقىپ بولمايلا تۇرۇپ، ئايالى تامنىڭ ئۈستىگە چىقىپتۇ ـ دە، بىر تال چېچىنى كۆيدۈرۈپتۇ. شۇ زامات تۆت دىۋە پەيدا بوپتۇ. ئۇ دىۋىلەرگە قۇدرەتنى كۆرسىتىپ، ئۇنىڭغا يولدا ھەمراھ بولۇشنى، چارچىسا كۆتۈرۈپ مېڭىشنى، ئاچ قالسا تاماق تېپىپ بېرىشنى تاپىلاپتۇ.

دىۋىلەر قىزنىڭ ئەمرىنى كەم ـ كۈتىسىز بەجا كەلـ تۈرۈپتۇ، قۇدرەتنى ساق ـ سالامەت كۆھقاپقا يەتكۈزۈپ، سېرىقگۈلنى ئېلىپ قۇدرەتكە تۇتقۇزۇپتۇ. تۆت دىۋە ئۇنىڭـ غا ھەمراھ بولۇپ ئاسمانغا ئۆرلەپ، كەچتە قۇدرەتنى ئۆيىدـ گە يەتكۈزۈپ قويۇپتۇ.

قۇدرەت كۆھقاپقا تۇيتۇغرا بەش كۈندە بېرىپ كەپتۇ. ئالتىنچى كۈنى سەھەردە پادىشاھ ۋەزىرلىرىنى ھوزۇرىغا چاقىرىپتۇ ۋە ۋەزىرلەرگە:

— ئەمدى قۇدرەتتىن قۇتۇلدۇق. ئۇ قايتىپ كېلەلـ مەيدۇ. ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئايالىنىڭ نېمە كويدا، نېمە قىلىپ يۈرگەنلىكىنى بىلىپ كېلەيلى، — دەپتۇ. ۋەزىرـ لەردىن بىرى ئورنىدىن تۇرۇپ:

— بۇ ئىشنى ماڭا تاپشۇرۇڭ، — دەپتۇ. پادىشاھ قوـ شۇلۇپتۇ. ئۇ بېرىپ دەرۋازىنى ئۇرسا، قۇدرەت ئۆزى چىـ قىپ ئېچىپتۇ. ۋەزىر ھودۇقۇپ، نېمە دېيىشىنى بىلمەي:

— قاچان كەلدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— تۈنۈگۈن كەچقۇرۇن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ قۇد-رەت خاتىرجەم هالدا ۋە ئۆيگە كىرىپ گۈلنى ئاچىقىپتۇ. قۇدرەت ۋەزىر بىلەن بىللە پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا كەپتۇ. پادىشاھ لام - جىم دېيەلمەي قاپتۇ. پادىشاھ قۇدرەتنى ئۆيگە قايتۇرۇۋېتىپتۇ - دە، ۋەزىرلىرىنى يىغىپ:

— ئىش بىز ئويلىغاندەك بولمىدى. قۇدرەت ئۈچ يۈز يىللىق يولنى بەش كۈندە بېسىپ كۈمقاپقا بېرىپ كەل-دى. ئەمدى قانداق چارە - تەدبىر قوللانساق ئۇنىڭدىن قۇ-تۇلىمىز؟ — دەپ مەسلىھەت ساپتۇ. ۋەزىرلىرىدىن بىرى ئورنىدىن تۇرۇپ مۇنداق مەسلىھەت بېرىپتۇ:

— ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنىڭ پەقەت بىرلا يولى بار. ئە-تىدىن باشلاپ خەلققە ئۈچ كۈنلۈك يانتاق سېلىقى سالـ-مىز. ئۇلار ئەكەلگەن يانتاقنى قۇدرەت ئۇدۇللۇق رەتلەپ دۆۋىلىسۇن. قۇدرەت دۆۋىنىڭ ئۈستىدە تۇرغان پەيتتە ئاستىدىن ئوت قويۇۋېتىمىز، شۇنىڭ بىلەن ئۇ كۆيۈپ تۈگىشىدۇ.

بۇ مەسلىھەت پادىشاھقا يېقىپتۇ، ئەتىسىلا خەلققە يان-تاق سېلىقى ساپتۇ، ئاندىن قۇدرەتنى چاقىرتىپ كېلىپ:

— ئەتىدىن باشلاپ كىشىلەر ئەكەلگەن يانتاقنى ئۇدۇللۇق دۆۋىلەڭ، — دەپتۇ.

قۇدرەت ئاخشىمى ئۆيگە قايتىپ، ئايالىغا پادىشاھنىڭ دېگەنلىرىنى ئېيتىپتۇ. ئايالى پادىشاھنىڭ مەقسىتىنى



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىلىپتۇ ـ دە، قۇدرەتكە چىچىدىن بىر تال يۇلۇپ بېرىپ:
ـــ ئەگەر بىرەر خەۋپ ـ خەتەرگە ئۇچرىسىڭىز، مۇشۇ چىچىمنى كۆيدۈرسىڭىز قۇتۇلىسىز، ـــ دەپتۇ.
ئەتىسىدىن باشلاپ قۇدرەت ياتاقنى دۆۋىلەشكە باشلاپتۇ. ياتاق ئاسمان ـ پەلەك ئېگىزلەپتۇ. قۇدرەت ئەنە شۇ دۆۋىنىڭ ئۈستىدە تۇرغان پەيتتە ۋەزىرلەر ئۇنىڭغا ئوت يېقىۋېتىپتۇ. قۇدرەت دەرھال ئايالى بېشىدىن يۇلۇپ بەرگەن چاچنى ئېلىپ كۆيدۈرۈپتۇ. شۇ زامات تۆت دىۋە پەيدا بوپتۇ ـ دە، قۇدرەتنى ئاسمانغا ئاچىقىپ كېتىپتۇ، كۆن قايرىلىپ قاراڭغۇ چۈشكەندە، يەرگە پەسلەپ ئۇنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇشۇپتۇ.
ئەتىسى پادىشاھ ۋەزىرلىرىدىن بىرىنى چاقىرىپ، قۇدرەتنىڭ ئۆيىدىن خەۋەر ئەكېلىشكە ئەۋەتىپتۇ. ۋەزىر بېرىپ دەرۋازىنى قاققانىكەن، قۇدرەت ئۆزى چىقىپ ئېچىپتۇ. ۋەزىرنىڭ تىلى گەپكە كەلمەي، دۇدۇقلاپ:
ـــ پادىشاھ سىزنى ھۇزۇرىغا چاقىرىۋاتىدۇ، ـــ دەپتۇ. قۇدرەت ۋەزىر بىلەن بىللە سارايغا كەپتۇ. پادىشاھ ئۇنى كۆرۈپ مەڭدەپ قاپتۇ.
ـــ ئادەم ئەۋەتكەنىكەنسىز، مانا كەلدىم، ماڭا يەنە قانداق خىزمەت بار، پادىشاھىئالەم؟ ـــ دەپتۇ قۇدرەت پادىشاھقا خۇددى ھېچ نەرسە بولمىغان قىياپەتتە.
پادىشاھ خېلىغىچە نېمە دېيىشنى بىلمەي جىمىپ قاپتۇ، بىرھازادىن كېيىن ئەس ـ ھوشىنى يىغىپ شۇنداق

دەپتۇ:

— مېنىڭ ئانام ئەسلىي پەرىشتىلەردىن ئىدى. بىلىشىمچە، ئۇ ھازىر يەتتىنچى قەۋەت ئاسماندا. خەۋىرىڭىز بار، مەن مۇشۇ كۈنلەردە بىداۋا كېسەلگە مۇپتىلامەن. مېنى بۇ دەردتىن خالاس قىلىش پەقەت سىزنىڭ قولىڭىزدىن كېلىدۇ. تېۋىپلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئانامنىڭ ھېچكىمگە كۆرسەتمەيدىغان يىپەك كۆڭلىكىنى يۈزۈمگە سۈرتسەم ساقىيار ئىكەنمەن. سىز يەتتىنچى ئاسمانغا چىقىپ، ئانامنىڭ شۇ كۆڭلىكىنى ئېلىپ چۈشىسىڭىز.

قۇدرەت پادىشاھنىڭ ئەمرىنى بەجا كەلتۈرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆيىگە قايتىپتۇ، ئوردىدا بولغان گەپلەرنى ئايالىغا ئېيتىپتۇ. ئايالى ئۇنىڭ قىلچە تەشۋىشلەنمەي دەم ئېلىشىنى، ئەتىگىچە كۆڭلەكنىڭ تەييار بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ ۋە كېچىچە ئولتۇرۇپ پادىشاھ ئېيتقاندىنمۇ ئېسىل بىر كۆڭلەك توقۇپتۇ، كېيىن پادىشاھنىڭ ئانىسىنىڭ نامىدىن پادىشاھنى يەتتىنچى ئاسمانغا تەكلىپ قىلىپ خەت يېزىپتۇ. قۇدرەت خەت بىلەن كۆڭلەكنى پادىشاھقا تاپشۇرۇپتۇ. پادىشاھ خەتنى ئوقۇپ:

— ئانام مېنى ھۇزۇرىغا تەكلىپ قىپتۇ. سىز ماڭا يول كۆرسىتىڭ. تا مۇشۇ كۈنگىچە سىز ماڭا ساداقەت بىلەن خىزمەت قىلدىڭىز، بۇ ئىشنى سىزدىن باشقا ھېچكىم بېجىرەلمەيدۇ. ئاسمانغا بىر چىقىپ چۈشەيلى، — دەپتۇ.

قۇدرەت ماقۇل بوپتۇ.

— ئاسمانغا قانداق چىقىمىز؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ قۇدرەتتىن.

— خەلققە يەنە ياغاچ يىغىشنى بۇيرۇڭ. بىز ئۇنىڭ تۆپىسىگە چىقىپ تۇرىمىز، شۇ چاغدا ۋەزىرلەر ياغاچقا ئوت يېقىۋېتىدۇ. شۇ پەيتتە سىز مېنىڭ پاچىقىمغا ئېسىلىسىز، ئوت يالقۇنىنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆرلەپ، ئاندىن ئاسمانغا چىقىۋالىمىز، — دەپتۇ.

پادىشاھ ئەتىسى كىشىلەرنى ياغاچ يىغىشقا بۇيرۇپتۇ. پادىشاھ قۇدرەت بىلەن ياغاچنىڭ ئۈستىگە چىقىپ دەسسەپ چىڭداۋاتقاندا، ۋەزىرلەر ئاستىدىن ئوت يېقىۋېتىپتۇ. پادىشاھ قۇدرەتنىڭ پاچىقىغا ئېسىلىپتۇ. قۇدرەت دەرھال يېنىدىكى چاچنى كۆيدۈرۈپتۇ. تۆت دىۋە پەيدا بولۇپ، قۇدرەتنى ئاسمانغا ئېلىپ ئۇچۇپتۇ. پادىشاھ قۇدرەتنىڭ پاچىقىنى تۇتۇپ بىرھازادىن كېيىن مادارى قالماي قويۇۋېتىپتۇ - دە، كۆيۈپ تۇرغان ياغاچ ئۈستىگە چۈشۈپ كۈلگە ئايلىنىپتۇ. قۇدرەت ئوت ئۆچكىچە يەرگە چۈشۈپ بوپتۇ ھەمدە شەھەر خەلقىنىڭ تەلىپى بويىچە پادىشاھ بوپتۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ قۇدرەت خەلققە زۇلۇم سالغان زالىم ئەمەلدارلارنى، نادان ۋەزىرلەرنى جازالاپتۇ، ھەر خىل سېپىلىقلارنى بىكار قىپتۇ، يۇرتتا ئادالەت ئورنىتىپتۇ. دەرھال ئاتا - ئانىسىنى ئالدۇرۇپ كېلىپ، ھەممىسى بىرلىكتە ئۇزاق يىللار خۇشال - خۇرام تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# تۇردىقارى بىلەن پادىشاھ

بۇرۇنقى زاماندا بىر ئادەم ئۆتكەنىكەن. بۇ ئادەمنىڭ بالىلىرى ئۆلۈپ زادى توختىمايدىكەن، قىلمىغان ئامالى قالماپتۇ، شۇنداق قىلىپ يۈرۈپ يەتتىنچى ئوغلى تۇرۇپ قاپتۇ. ئۇنىڭ ئىسمىنى تۇردىقارى قويۇپتۇ.

تۇردىقارى ئاتىسىدىن بەك كىچىك يېتىم قاپتۇ. ئۇ ئاتىسى ۋاپات بولۇپ ئۈچ يىلدىن كېيىن يەتتە ياشقا كىرىپتۇ. بىر كۈنى ئانىسى:

— بالام، ئاتاڭ ۋاپات بولۇش ئالدىدا: «بالام كىچىك قالدى، مەن پانىيدىن باقىيغا رەھلەت قىلىدىغان ئوخشايمەن. ناۋادا ئۆلۈپ - تارتىپ قالسام، بۇ دۇنيادا مېنىڭدىن ساڭا قالىدىغان ئامانىتىم مۇشۇ بالا، ئۇنى ياخشى بېقىپ، كۆزۈڭنىڭ قارىچۇقىدەك ئاسرىغىن، ئوقۇتقىن» دېگەنىدى. يېشىڭ يەتتىگە يەتتى، ئاتاڭنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە، سېنى موللىغا ئاپىرىپ تاپشۇراي، — دەپتۇ ۋە جۈمە كېچىسى بالىسىنى يۇيۇپ، پاكىز كىيىندۈرۈپ، بىر تاۋاق ئاش قىلىپ، موللىغا ئاپىرىپتۇ.

يىللار ئۆتۈپتۇ. تۇردىقارىي موللىدا ئوقۇپ يۇرۇپ بەك ئەخلاقلىق، مېھىر - شەپقەتلىك بالا بوپتۇ. ئۇ زادىلا هارامزادىلىكنى بىلمەيدىكەن، ئىلاج بولسا، كىشىلەرگە ياخشىلىق ئىزدەيدىكەن، قولۇم - قوشنا، يېتىم - يېسىر، تۇل خوتۇنلارغا ياردەم قولىنى سۇنىدىكەن، ھەتتا جان - جانىۋارلارغىمۇ ئازار بەرمەي، قولىدىن كېلىشىچە ياخشىلىق قىلىش ئۈچۈن تىرىشىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە تۇردىقارىي مەكتەپكە كېچىكىپ قاپتۇ، چايمۇ ئىچمەي بىر توقاچنى قوينىغا تىقىپ، جىلتىسىنى كۆتۈرۈپ يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ بىر پاقىنى دەسسىۋاپتۇ. پاقا «غوۇق» قىلىشى بىلەن تۇردىقارىي توختاپ قاپتۇ - دە، ئانچە ئويلانمايلا پاقىنى قوينىغا سېلىپ مەكتەپكە كەپتۇ ۋە موللىسىنىڭ كىتاب ساندۇقىنىڭ بىر يېرىقىدىن پاقىنى سېلىۋېتىپ، ئۆزى ئوقۇشقا ئولتۇرۇپتۇ.

تۇردىقارىي ھەر كۈنى دەم ئېلىشتا ۋە دەرستىن قايتىش ۋاقىتلىرىدا ئاپارغان نېنىنى چايناپ بېرىپ پاقىنى بېقىپتۇ. بارا - بارا ئۇ ئۆيىدىن بىر توقاچ ئورنىغا ئىككى توقاچ ئالىدىغان بوپتۇ، كېيىن ئۈچ توقاچ... شۇنداق قىلىپ، كېيىنكى كۈنلەردە تۆت توقاچ ئالىدىغان بوپتۇ. باشتا ئاز يەيدىغان پاقىمۇ مانا ئەمدى كۆپ يەيدىغان بوپتۇ. تۇردىقارىي ئۇنى ناھايىتى ئەزىزلەپ بېقىپتۇ، سۇ بېرىپتۇ، ئارىلاپ - ئارىلاپ ئۇنى ئەركىلىتىپ قويىدىغان بوپتۇ. بىر كۈنى موللىسى:

— باللار، ئەمدى ياز كېلىپ قالدى، باغقا چىقىپ ئىككى ئاي تۇرىمىز، شۇ يەردە ئوقۇيمىز، كەم ـ كۈتىلىرىڭلارنى جايلاپ كېلىڭلار، ئەته ماڭىمىز، — دەپ ئۇقتۇرۇپتۇ. باللارنىڭ ھەممىسى يۈگۈرۈشۈپ ئۆيلىرىگە كېتىپتۇ. تۇردىقارىيمۇ ئۆيىگە كېلىپ كۆپ ئويلاپتۇ، بارماي دېسە، موللىسى بىلەن ئانىسىدىن قورقۇپتۇ، باراي دېسە، بېقىۋاتقان پاقىسىنى ئويلاپتۇ. ئىلاجسىز قېلىپ، ئاخىر بارىدىغان بوپتۇ. ئانىسى تەييارلىغىنى قىلىپ بالىسىنى ئۇزىتىپتۇ.

تۇردىقارىي يېتىپ كەلگۈچە موللىسى باللارنى يىغىپ، جابدۇق، كىيىم ـ كېچەكلەرنى ھارۋىلارغا بېسىپ، ئاندىن كىتاب ساندۇقىنى ئېلىپ چىقىپتۇ ـ دە، كىتاب ئالماقچى بولۇپ ساندۇقنىڭ ئاغزىنى ئېچىش بىلەن ئەتراپتا تۇرغان باللار: «ۋاي موللام !» دەپ چىرقىرىشىپ، قوللىرىدىكى كىتابلارنى تاشلاپ قېچىشىپتۇ. موللام قارىسا، ساندۇقتا ئادەم ھەيران قالغۇدەك، چاقتەك يوغان پاقا تۇرغان.

— بۇ نېمە ئىش؟ كىم ئەكىردى بۇنى؟ ! — دەپ ۋارقىراپتۇ موللا. ھېچكىم ئۈندىمەپتۇ. موللا:

— ئېيتىڭ، قايسىڭلارنىڭ قىلغان ئىشى بۇ؟ قايسىڭ ئەكىرگەن بولساڭ ئېيت ! كىم ئەكىرگەن ـ ھە ! — دەپ ۋارقىرىغاندا، تۇردىقارىي:

— مەن، — دەپتۇ.

— نېمە ئۈچۈن پاقىنى بۇ يەرگە ئەكېلىپ يۈرسەن؟ — دەپتۇ موللا.

— موللام، — دەپتۇ ئۇ، — سىلى چىۋىن، چۈمۈلىگىمۇ ۋابال قىلماڭلار، دېگەن ئىدىلە. بىر كۈنى مەكتەپكە كېچىكىپ قېلىپ يۈگۈرۈپ كېلىۋېتىپ، بۇ پاقىنى كۆرمەي دەسسەپ قويۇۋىدىم، ئۇ ناھايىتى قىينىلىپ كەتتى. مەن گۇناھكار بولۇپ قالدىم. شۇنىڭ بىلەن سىلىنىڭ سۆزلىرى ئېسىمگە كەلدى ـ دە، ئۇنى ئالغاچ كېلىپ، مۇشۇ يەرگە سېلىپ قويغانىدىم، كۈنگە ئىككى ـ ئۈچتىن توقاچ بېرىپ بېقىۋاتقىنىمغا توپتوغرا ئۈچ يىل بولدى.

— ھوي ھارامزادە، بۇنى ھازىر يوقات! — دەپ ۋارقىراپتۇ موللىسى. بالىلار قورققىنىدىن نېرى قېچىپ تۇرۇشۇپتۇ. تۇردىقارىي ئاستا كېلىپ پاقىنى چاپىنىغا يۆگەپ، ئاران دېگەندە يەردىن كۆتۈرۈۋاپتۇ، كۆتۈرگەن پېتى ئىنجىقلاپ تۇرۇپ كۆلنىڭ يېنىغا ئاپىرىپتۇ. ئۇ پاقىنى يەرگە قويۇپ بىر توقاچنى بەرگەنىكەن، «ھاپلا» قىلىپ يۇتۇۋېتىپتۇ. تۇردىقارىي ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپتۇ:

— خەير، پاقام! سېنى دەسسەپ تېنىڭگە ئازار بەردىم، گۇناھىم ئۈچۈن سېنى ئۈچ يىل باقتىم، يەنە گۇناھىم بولسا كەچۈرەرسەن، — دەپتۇ. پاقا قولىدىن چىقىپ سەكرەپلا كۆلگە چۈشۈپ چۆكۈپ كېتىپتۇ. تۇردىقارىي كۆزىگە «مۆللىدە» ياش ئېلىپ، ئارقىسىغا شۇنداق قاراپ مېڭىشىغا، كۆلدىن بىر ئاۋاز چىقىپتۇ، قارىسا، ھېلىقى پاقا

سۆزلەۋاتقۇدەك:

— ھەي قارىي، سەن مېنى باقتىڭ، ياخشىلىق قىلدىڭ، ۋاقتىدا تائام، ۋاقتىدا ئۇسسۇزلۇق بېرىپ كۈتتۈڭ، مەن ئۈچۈن كۆپ ئاۋارىچىلىك تارتتىڭ، ئاھانەت ئىشىتتىڭ. مەن بولسام، مانا ھازىر ئاتا - ئانام ۋە ئۇرۇق - تۇغقان، قوۋم - قېرىنداشلىرىم بىلەن كۆرۈشتۈم. سېنىڭ قىلغان ياخشىلىقىڭغا رەھمەت. مېنى بىرپەس كۈتۈپ تۇر.

پاقا شۇ گەپنى قىلىپ بولۇپ سۇغا كىرىپ كېتىپتۇ. ھايال قىلماي پاقا يەنە چىقىپ، ئاغزىدىن بىر ئەڭگۈشتەرنى چىقىرىپ بېرىپتۇ. تۇردىقارىي ئەڭگۈشتەرنى قولىغا ئېلىپ:

— بۇنى نېمە قىلىمەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ماڭا قىلغان ياخشىلىقىڭ ئۈچۈن بەردىم، — دەپتۇ پاقا، — بۇ ئەڭگۈشتەر بېشىڭغا ئېغىر كۈن چۈشكەندە ئەسقاتىدۇ. ئۇنىڭ بىرىنچى خىسلىتى، ئۆلگەننى تىرىلدۈرىدۇ؛ ئىككىنچى خىسلىتى، باغۇ بوستان، ئىمارەت پەيدا قىلىدۇ؛ ئۈچىنچى خىسلىتى، نازۇنېمەت تەييار قىلىدۇ. بۇنى يوقاتما، جېنىڭدىن ئەزىز كۆرۈپ ساقلىغايسەن. خوش ئەمىسە، قىيامەتتە كۆرۈشەرمىز.

تۇردىقارىي ئەڭگۈشتەرنى قوينىغا سېلىپ مەكتەپكە قايتىپ كەلسە، موللىسى بالىلارنى ئېلىپ ئاللىقاچان كېتىپ قاپتۇ. تۇردىقارىي ئويلا - ئويلا: «ماڭا بىلىم دېگەن ھەر زامان كېرەك» دەپتۇ - دە، موللىسىنىڭ ئارقىسىدىن

يولغا راۋان بوپتۇ. مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، بىر يەرلەرگە كەل-
گەندە ئاخىر پېشىن بوپتۇ. تۇردىقارىي، مۇشۇ يەردە كىـ-
چىككىنە دەم ئېلىۋالاي، دېگەن ئوي بىلەن بېدىلىكنىڭ
يېنىدىكى بىر قارىياغاچنىڭ سايىسىگە كەپتۇ، چاپىنىنى
بېشىغا قويۇپ «ئۇھ» دەپ يېتىشىغا، يېنىدا بىر ئۆلۈك
يىلاننى كۆرۈپتۇ. تۇردىقارىي ئەڭگۈشتەرنى قولىغا ئېلىپ،
ئەگەر ئەڭگۈشتەر ئۆلۈكنى تىرىلدۈرىدىغان بولسا، مۇشۇ
يىلاننى تىرىلدۈرىدۇ، دېگەن ئوي بىلەن شۇنداقلا سۈركە-
گەنىكەن، ھېلىقى يىلانغا جان كىرىپ، ئورنىدىن تۇرۇپ
تەزىم قىپتۇ:

— ھەي ئادەمزاتنىڭ ياخشىسى، سەن مېنى تىرىلدۈر-
دۇڭ، ماڭا ياخشىلىق قىلدىڭ. مەن بالىلىرىمغا ئوزۇق تې-
پىپ كېلەي، دەپ كېتىۋاتسام، قارا باش نېمىلەر يۇگۇرۇ-
شۇپ كېلىپ مېنى تاياق - توقماق بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈ-
رۈپ، مۇشۇ يەرگە تاشلىۋېتىپتىكەن، بۇگۈن ئۈچ كۈن بولغا-
نىدى. سەن مېنىلا ئەمەس، ئىككى بالام بىلەن بىز بىر
ئۆيلۈكنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزدۇڭ، ساڭا رەھمەت. قاچان بې-
شىڭغا كۈن چۈشكەندە مېنى ئەسلىسەڭ، مەن تەييار بولى-
مەن، — دەپتۇ - دە، يەر بېغىرلاپ كېتىپ قاپتۇ.

تۇردىقارىي ئەڭگۈشتەرنىڭ خاسىيىتىگە شۇنىڭدىن كې-
يىن ئىشىنىپتۇ. ئۇ شۇ يەردە بىرئاز دەم ئالغاندىن كېيىن
يەنە يولغا چۈشۈپتۇ. بىر يەرلەرگە كەلگەندە، بىر ئۆلۈك
گۈل ھەرىسىگە ئۇچراپتۇ. تۇردىقارىي، بۇنى تىرىلدۈرەلەم-

ـدىكىن، دېگەن ئوي بىلەن ئەڭگۈشتەرنى ئۇنىڭغا سۇركىگە-
نىكەن، ئۇمۇ تىرىلىپ غىڭىلداپتۇ ـ دە:
— قاچان بېشىڭغا كۈن چۈشكەندە مەن تەييار! —
دەپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ.
ئۇ يەنە يولىنى داۋام قىپتۇ، بىرھازا يول يۈرگەندىن
كېيىن بىر بۇلاق تۈۋىگە كېلىپ پوتىسىدىن بىر توقاچنى
ئېلىپ ئوتتۇرىدىن ئىككى قىلىپ، يېرىمىنى بۇلاق سۈيىد-
گە چىلاپ يەپ، دەم ئېلىپ ئولتۇرسا، يىراقتا بىرنەرسە
كۆزىگە چېلىقىپتۇ، بېرىپ قارىسا، بىر مۈشۈك ۋە بىر-
نەچچە چاشقان تۇرغان، مۈشۈكمۇ ئۆلۈك، چاشقانلارمۇ ئۆ-
لۈك. تۇردىقارىي، مۈشۈك دېگەننىڭ يامانلىقى يوق، بۇنى
كىم ئۆلتۈرگەندۇ، بۇنىڭغا بىر ياخشىلىق قىلىپ قوياي،
دەپ، ئەڭگۈشتەرنى ئۇنىڭ بويىنىغا شۇنداقلا سۈركىگەند-
كەن، ئۇ تىرىلىپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆزىنى بىر سىلكىپ،
ئالدى ئىككى پۇتىنى ئېگىز كۆتۈرگەن ھالدا سالام قىپتۇ.
— ھەي ئادەمزات، — دەپتۇ مۈشۈك، — مېنى تى-
رىلدۈردۈڭ. ئېتىزدىكى ئاشلىقلار تازا پىشقان چاغدا، ئاش-
لىقنى چاشقان بېسىپ، زىيان كەلتۈرۈشكە باشلىدى. ئا-
دەملەرنىڭ ھەممىسى چاشقانغا قارشى قوزغالدى. بىزنىڭ
ئائىلىمۇ ئېتىزغا كۆچۈپ چىقىپ چاشقانلارنى ئۆلتۈرۈشكە
كىرىشتى. مەنمۇ تىنچ ياتمىدىم، كېچە ـ كۈندۈز چاش-
قانلارنى قىرىۋاتسام، پادىشاھنىڭ ئوغلى ئوۋدىن قايتىپ
كېلىۋېتىپ، مېنى بىگۇناھ ھالدا ئاتقا دەسسىتىپ ئۆلتۈ-



رۇۋەتتى. قانچە نالە قىلـ-
سامۇ، يالۋۇرسامۇ كارى
بولمىدى... مانا مەن بۇ-
گۈن يورۇق دۇنياغا قاي-
تىپ كەلدىم، سىنىڭ
قىلغان ياخشىلىقىڭنى
ئۆلسەممۇ ئۇنتۇمايمەن.

كەچ كىرىپ قالغاچ-
قا، تۇردىقارىي شۇ يەردە
بىر ئەسكى كەپىگە كىرىپ
يېتىپ قاپتۇ، مۇشۇكمۇ
ئۇنىڭ قوينىغا كىرىپ يېتىپتۇ. ئۇلار كېچىنى شۇ كەپىدە
ئۆتكۈزۈپتۇ - دە، تاڭ ئاتقاندا بىر - بىرلىرى بىلەن
خوشلىشىپ، ئىككىسى ئىككى ياققا قاراپ راۋان بوپتۇ.
ئۇلار ئايرىلىش ئالدىدا، مۇشۇك:

— قاچان بېشىڭغا كۈن چۈشسە، مېنى ئەسلە، شۇ
ۋاقىتتا ئالدىڭدا ھازىر بولىمەن، — دەپتۇ.

تۇردىقارىي كەچكىچە يول يۈرۈپتۇ، شام ئارىلىقىدا بىر
شەھەرگە كىرىپتۇ، موللىسى بالىلارنى ئېلىپ كەلگەن
شەھەر مۇشۇ ئىكەن.

تۇردىقارىي، خۇدايا شۈكۈر، ئەمدى يېتىپ كەلدىم، با-
لىلارنى تېپىۋالسام بولغىنى، دېگەن ئوي بىلەن كەچ بول-
سىمۇ، ئۇلارنى ئىزدەپ شەھەر چېتىدىكى بىر باغنىڭ تۇ-

ۋىگە كەلسە، بىر ئادەم خارتىلداپ قانغا بويىلىپ يېتىپتۇ. «ھەي بىچارە» دەپ ئىچى ئاغرىغان تۇردىقارىي ئەڭگۈشتەرنى سۇركىگەنىكەن، ھېلىقى ئادەم ساپساق بولۇپلا، ئورنىدىن تۇرغان زامات ئېسىلىپتۇ ۋە:

— ھە... مېنى ئۆرۈپ يىقىتقان سەن ئەمەسمۇ، ئەمدى قولۇمغا چۈشتۈڭمۇ؟ ھەي خالايىق، قاتىلنى تۇتتۇم! — دەپ ۋارقىراپتۇ. خۇپتەن نامىزىدىن چىققان جامائەت يىغىلىپتۇ، تەرەپ - تەرەپتىن يولۇچىلار توپلىنىپتۇ، قورۇ - قورۇلاردىن ئادەملەر يۈگۈرۈشۈپ چىقىشىپتۇ. بىرلىرى: «ئالدىنقى كۈنى ئۆلگەن ئادەمنى مۇشۇ ئۆلتۈرگەنىكەن» دېسە، بەزىلەر: «ئاخشام كوچىغا تۆكۈلگەن ئادەمنىڭ قېنىنىمۇ مۇشۇ بىرنېمە تۆككەن بولسا كېرەك» دېيىشىپتۇ. يەنە بەزىلەر بولسا: «بۇنى ئۆرۈپ ئۆلتۈرۈش كېرەك» دەپ دېۋەيلەپتۇ. شۇنداق قىلىپ، «ئۇر، تارت!» بىلەن تۇردىقارىينى ئۇتتۇرغا ئېلىپ، پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا سۆرەپ مېڭىپتۇ.

— داد، پادىشاھئالەم، داد! — دەپتۇ ھېلىقى ساقايغان ئادەم.

— نېمە دادىڭ بار؟ دادىڭ بولسا ئېيت! — دەپتۇ پادىشاھ.

— ئادەم ئۆلتۈرگەن قاتىلنى تۇتتۇق، — دېيىشىپتۇ كۆپچىلىك.

بىر كىشى توپنىڭ ئالدىغا چىقىپ:



www.uyghurkitap.com

— پادىشاھىئالەم، بۇرناكۇن ئۆلگەن ئادەمنى ئۆلتۈر-
گەن قاتىل مۇشۇ، تۇنۇگۇن كوچىدا تۆكۈلگەن قانمۇ مۇشۇ
شۇمنىڭ ئىشى، بۇگۇن بولسا، مۇنۇ كىشىنى ئۆلتۈرۈشكە
ئاز قالغانىكەن، تۇتۇۋالدۇق، — دەپتۇ. پادىشاھ تۇردىقارىي-
دىن سۆزمۇ سورىماي:

— ئاپار، بۇ بەتبەختنى زىندانغا ! — دەپ ئەمر
قىپتۇ.

پادىشاھنىڭ ياساۋۇللىرى ئۇنى يەتتە قات زىندانىنىڭ
ئاستىغا سولاپ قويۇپتۇ، نانمۇ بەرمەپتۇ، سۇمۇ بەرمەپتۇ.
تۇردىقارىي ئاچ - زېرىن، داق يەرگە كۆكسىنى بېسىپ
يەتتە كۈن يېتىپتۇ.

ئۇ بېشىغا شۇنداق قاتتىق كۈن چۈشكەندە، ئۆزى
يولدا تىرىلدۈرگەن يىلان، مۈشۈك ۋە ھەرىنى ئەسلەپ كۆ-
زىگە ياش ئاپتۇ. ئۇنىڭ ئاھ - زارى ئۇلارغا يېتىپ، شۇ
زامات مۈشۈك تۇڭلۇكتىن، ھەرە دېرىزىدىن، يىلان يەر
ئاستىدىن كىرىپ كەپتۇ. ئۇلار تۇردىقارىينىڭ خىزمىتىگە
تەييار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ چىقىپ كېتىپتۇ.

مۈشۈك نان، يىلان گۆش، ھەرە ھەسەل بىلەن سۇ
توشۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار يەتتە يىل تۇردىقارىينى
بېقىپتۇ. تۇردىقارىينىڭ سالامەتلىكى ناچارلاشقاندا، ھەرە
دورىلىق گىياھلارنى ئەكېلىپ ئۇنى ساقايتىپتۇ.

كۈنلەردىن بىر كۈنى پادىشاھ ئاغرىپ قاپتۇ، ئاغرىقى
سوزۇلۇپ يەتتە يىل ئورۇن تۇتۇپ يېتىپتۇ. ئۇنىڭغا يەتتە

ئىقلىمدىن چاقىرىمغان تېۋىپ، قىلمىغان دورا قالماپتۇ، ھېچ داۋا بولماپتۇ. ئۇ پادىشاھنىڭ ئاي دېسە ئاي ئەمەس، كۈن دېسە كۈن ئەمەس، نۇر جامالىق، بويىغا يەتكەن بىرلا قىزى بار ئىكەن. بىر كۈنى پادىشاھ يېقىن ۋەزىرىنى چاقىرىپ، ئۇنىڭغا:

— ھەي ۋەزىرىم، مەن ھېچ ياخشى بولالمىدىم. خەلـ. قىئالەمگە جاكار قىلىڭ، ئەگەر كىمكى مېنى ساقايتسا، قىزىمنى بېرىمەن! — دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلاپ، دۇنيادا داڭقى چىققان ھارۇللا، دېگەن ئاتمىش ياشلىق موللا پادىشاھقا ئۇچۇر بېرىپتۇ. پادىشاھ ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنى ئالدۇرۇپ كەپتۇ. ھارۇللا يەتتە كېچە ـ كۈندۈز ئوقۇپ، ھېچ ساقايتالماپتۇ. شۇ ئارىدا قىزغا نەپسى تاقىلداپ، ئۆزىمۇ ئاشىقلىق كېسىلىگە مۇپتىلا بولۇپ، كېسەل يېتى قايتىپ كېتىپتۇ. ئاڭغىچە تۇردىقارىيمۇ تىنچ ياتماپتۇ، يىلان، مۈشۈك، ھەرىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن يەر ئاستىدىن يول ئېچىپ، پادىشاھ ياتقان ئۆينىڭ ئاستىغا يېتىپ كەپتۇ.

پادىشاھ ئۆلەر ھالغا كەپتۇ. جۈمە ئاخشىمى ئۇ سەكراتقا چۈشۈپ قاپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئۇرۇق ـ تۇغقان، قوۋم ـ قېرىنداش، ۋەزىرلىرى بېشىدا قادىلىپ ئولتۇرۇپ-تۇ. خوتۇنى يىلەن قىزى يىغا ـ زار قىلىپ تۇرغاندا، يەر ئاستىدىن:

— ئۆلگەننى تىرىلدۈرىمەن، ئاغرىقنى ساقايتىمەن! —



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

دېگەن ئاۋاز چىقىپتۇ. ھەممەيلەن جىم بولۇشۇپ قاپتۇ. يەر ئاستىدىن يەنە ئاۋاز كەپتۇ:

— ئۆلگەننى تىرىلدۈرىمەن، ئاغرىقنى ساقايتىمەن! ئەگەر پادىشاھ قىزىنى بەرسە، دېگەن ۋەدىسىگە ۋاپا قىلسا، پادىشاھنى ساقايتىمەن!

— ۋاي بولىدۇ! ۋاي بولىدۇ! — دەپ ۋارقىراپتۇ باش ۋەزىر.

— راستمۇ، راستمۇ؟ — دەپ تەكرارلاپتۇ تۇردىقارىي.

— ۋاي بولىدۇ، ۋاي راست! — دەپ ۋارقىراپتۇ باش ۋەزىر.

— ئۇنداق بولسا، مېنىڭ ئىسمىم تۇردىقارىي. مېنى يەتتە قات زىنداندىن بوشىتىڭلار، — دېگەندە، بۇلار ھەيران قېلىشىپتۇ.

ۋەزىر بىلەن پادىشاھنىڭ قىزى يۈگۈرۈپ چىقىپ زىندان بېگىگە بۇيرۇق بېرىپتۇ. زىندان بېگى تېزدىن زىنداننى ئېچىپتۇ. پادىشاھنىڭ قىزى يۈگۈرۈپ كىرسە، يالاڭ ئاياغ، يالاڭ تۆش، ئۇچىسىدا ئەسكى بىر ماتا ئىشتاندىن باشقا نەرسە قالمىغان، پۈتۈن تېنىنى تۈك باسقان، چېچى ئۆسۈپ يۈزىنى ياپقان، كۆزى بىلەن چىشلىرىلا پارقىراپ قالغان بىر بالا ئولتۇرغان.

بۇنى كۆرۈپ پادىشاھنىڭ قىزى ھەم ۋەزىرلەر ھەيران بولۇشۇپتۇ. باش ۋەزىر:

— پادىشاھنى ساقايتىدىغان سەنمۇ؟ — دەپتۇ.

— ھە، مەن، — دەپتۇ تۇردىقارى.
— ئۇنداق بولسا، چىق بۇياققا !
تۇردىقارىينى پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ كەپتۇ.
توپلانغان ۋەزىر - ۋۇزرا، ئۆلىمالار بالىغا ئىشەنمەپتۇ.
شۇ چاغدا ۋەزىر:
— ساقايتالامسەن؟ — دەپتۇ.
— ساقايتىمەن ! — دەپتۇ تۇردىقارى.
— ھەي گۇناھكار، ئەگەر پادىشاھنى ساقايتالمىساڭ، كاللاڭ ئېلىنىدۇ، رازىمۇ سەن؟ — دەپ سوراپتۇ يەنە ۋەزىر.
— خوپ، ئەگەر ساقايتسام، پادىشاھنىڭ ئەمرى ۋاجىپ بولغايمۇ؟ — دەپتۇ تۇردىقارى.
— بولىدۇ، — دېيىشىپتۇ ئۇلار. تۇردىقارى:
— پۈتۈك يېزىپ، مۆھۈر بېسىڭلار ! — دېگەندە، ۋەزىر پۈتۈك يېزىپ پادىشاھنىڭ مۆھرىنى بېسىپتۇ.
تۇردىقارى ئىشتىنىنىڭ قىرغىقىدىكى ئەگۈشتەرنى ئېلىپ پادىشاھنىڭ بۇرنىغا شۇنداقلا تەگكۈزۈپ، گەجگىسىگە سۈركىگەنىكەن، پادىشاھ دەررۇ كۆزىنى ئېچىپ، ياتقان ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپتۇ. قاراپ تۇرغان بارلىق خالايىق ھەيران بولۇشۇپتۇ. بەزىلىرى قايىل بوپتۇ، بەزىلىرى ئىچى تارلىق قىپتۇ. پادىشاھ ھوشىغا كېلىپ:
— ھەي قۇل، سەن قاچاندىن بېرى سولاقتا بولدۇڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.





ــ سىلى ئاغرىغاندىن باشلاپ، بۇ يىل توپتوغرا يەتتە
يىل بولدى، ــ دەپتۇ تۇردىقارىي.
ــ قانداق سولانغانىدىڭ؟ ــ دەپ سوراپتۇ پادىشاھ.
تۇردىقارىي چالا ئۆلۈك ياتقان ئادەمگە ياخشىلىق قىلىد-
مەن دەپ، بىگۇناھ سولاققا چۈشۈپ قالغىنىنى ئېيتىپتۇ.
پادىشاھ: «مېنى بىگۇناھ سولىدىڭ» دېگەن سۆزگە ئاچچىق-
لىنىپ ھەم ئۆزۈم سولىغان ئادەمگە ئۆزۈم قىزىمنى بەر-
سەم، خەلقىئالەم ئالدىدا نومۇس ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستى-
گە، بۇنىڭ ئەپت - بەشىرىسىنى قارا، دەپ ئويلاپ، دەرھال
جاللاتلىرىنى چاقىرىپ بۇيرۇپتۇ:
ــ ھازىر بۇنىڭ كاللىسىنى ئال !
جاللاتلار ئۇنى ئېلىپ ماڭغاندا، ۋەزىرى:
ــ ئەي پادىشاھىئالەم، بۇنى ئۆلتۈرۈش نامەردلىك،

بۇنىڭ سىلىنى ساقايتقىنىنى ئەل - يۇرت ئاڭلىدى. ئۇ-نىڭدىن كۆرە، بۇنىڭغا بىر ئېغىر ۋەزىپە تاپشۇرايلى، شۇنى ئورۇندىسۇن، ناۋادا ئورۇندىيالمىسا، ئۇ ۋاقىتتا بۇنىڭ كاللىسىنى ئالايلى، — دەپتۇ. بۇنىڭغا پادىشاھ رازى بوپتۇ.

— ھەي قول، سەن ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇشنى ئويلىساڭ، ئۇزۇنلۇقى سەكسەن غۇلاچ، كەڭلىكى يىگىرمە غۇلاچ، ئوتتۇرىسىدا ئىككى قاتار يەتتە قەۋەت ئۆيلىرى بار، تاملىرى مەرمەردىن ئىشلەنگەن، يوللىرىغا تاش يېيىتىلغان، ئەتراپىغا گۈل تىكىلگەن، ئوڭ تەرىپىدە يەتمىش ئىككى تۈرلۈك مېۋە پىشقان، ئېرىقلىرىدا زۇمرەت سۇ ۋە شەربەت ئېقىپ تۇرغان، تۈرلۈك جان - جانىۋار سايرىشىپ تۇرغان بېغى بار ئوردا تەييار قىلىسەن، ئەگەر مۇشۇنى ياساپ چىقساڭ، ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ، قىزىمنى ئالىسەن، — دەپتۇ پادىشاھ.

— خوپ، تەقسىر، — دەپتۇ تۇردىقارى.

— ئۇنداق بولسا، ئىشلىتىش ئۈچۈن بەش مىڭ ئادەم، قورال - جابدۇق، يەتكۈچە ئوزۇق - تۈلۈك ئېلىپ، ئۈچ ئايدا تەييار قىل! — دەپتۇ پادىشاھ. تۇردىقارىي كۆلكىسىنى زورىغا بېسىپ، پادىشاھقا قاراپ:

— پادىشاھىئالەم، ئۇنچە ئاۋارە بولماڭ، سىزنىڭ ھېچ نەرسىڭىزنىڭ كېرىكى يوق، ئەتە سىز ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ غىزالانغۇچە، مەن بارلىقىنى تەييارلاپ قوياي، — دەپتۇ.

— سەن ساراڭمۇ، ئوڭمۇ؟ ! — دەپ ۋارقىراپتۇ پادىشاھ. بەزىلەر كۈلۈشۈپتۇ.

— پادىشاھىئالەم، ئۆلۈكنى تىرىلدۈرگەن يەردە ساراي سېلىش دېگەن نېمىتى؟ ئۆزلىرىنى ئاۋارە قىلماي، ماڭا ساراي سالىدىغان مەيداننى كۆرسەتسىلە، — دەپتۇ تۇردىقارى.

پادىشاھ ئۇنىڭغا زادىلا ئىشەنمەپتۇ، ئىچىدە، بۇ مېنى ئالداپ قېچىپ كەتمەكچى، دەپ ئويلاپتۇ. ۋەزىر:

— پادىشاھىئالەم، بوپتۇ دېمەملا، كەينىگە قاراۋۇل قويايلى، يەرنى كۆرسىتەيلى، ئەگەر قىلالمىسا، كاللىسىنى ئالايلى، — دەپتۇ.

ۋەزىر ئۇنى ئاچىقىپ ئوردا سالىدىغان ئورۇننى كۆرسىتىپتۇ. تۇردىقارى مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىغا بېرىپ ئۇياققا مېڭىپتۇ، بۇياققا مېڭىپتۇ، ئاخىر بىر يەردە ئولتۇرۇپ، چاپىنىنى بېشىغا قويۇپ ئۇخلاپتۇ. قاراۋۇللار بۇنى كۆرۈپ: «ۋاي، بۇ بەرىبىر ئەتە ئۆلىدۇ» دېيىشىپ، كېچىسى تۈن يېرىمىغىچە ئۇنى ساقلاپ، ئۇلارمۇ تۇرغان يېرىدە ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. بارلىقىنى ئۇخلىتىپ قويۇپ، تۇردىقارى ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. ئەڭگۈشتەرنى قولىغا ئېلىپ، ئاسمانغا ئېگىز تاشلاپ: «ئى ئاللا، مېنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرغايسەن !» دەپتىكەن، ئەڭگۈشتەر يەرگە چۈشۈشى بىلەن تەڭ تۈتۈن كۆتۈرۈلۈپ، تۇمان بېسىپتۇ، كېيىن تۇمان ئاستا - ئاستا ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ، ھېلىقى مەيداندا پادىشاھنىڭ بۇيرۇغىنىدىن مىڭ ھەسسە ئارتۇق بىر ئوردا پەيدا بوپتۇ، پادىشاھنىڭ قىزى ئۈچۈن ئالايتەن چارباغ پەيدا قىپتۇ. بۇ

چاغدا ھېلىقى قاراۋۇللار ئويغىنىپ قارىسا، باشقا بىر دۇن-ياغا كېلىپ قالغان !

— ھوي، بۇ شەھەرگە بىزنى كىم ئەكېلىپ قويـدى؟ ئوڭىمىزمۇ، چۈشىمىزمۇ؟ ! — دېيىشىپ ھاڭ - تاڭ قاپتۇ قاراۋۇللار.

تۇردىقارىي ئەڭگۈشتەرنى ئىشتىنىنىڭ قىرغىقىغا قىستۇرۇپ، ئەتىسى سەھەردە پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا كېلىپ دەرۋازىنى ئۇرۇپتۇ. ۋەزىر چىقىپ تۇردىقارىينى پادىشاھنىڭ يېنىغا ئېلىپ كىرىپتۇ. تۇردىقارىي پادىشاھنىڭ يېڭى ئور-دىغا چىقىشىنى تەكلىپ قىپتۇ. ھېچكىم ئىشەنمەپتۇ. پا-دىشاھ ئۆزىنىڭ ۋەزىر - ۋۇزرالىرى، ئالىم - ئۆلىمالىرى بىلەن چىقسا، راست، ئۆزىنىڭ دېگىنىدىنمۇ ئارتۇق بىر بىنا بارلىققا كەلگەن، بىنانىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاس-مان - پەلەك ئېگىزلىكتە ئالتۇندىن ياسالغان تەخت ۋاللىداپ تۇرغان. پادىشاھ ھەيران قاپتۇ.



پادىشاھ ئەمر قىلىپ، ئوردىنى كۆچۈرۈپ چىقىپ-تۇ. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ تۇردىقارىيغا قىزىنى بې-رىشكە مەجبۇر بوپتۇ.

# ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا دائىر
# 55 كىتابچە نەشىردىن چىقتى

## ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى (ھەر بىرى 4.50 يۈەن)

چىن تۆمۈر باتۇر
ئىسكەندەر بىلەن ھۆرلىقا
ئالتۇن كوكۇللۇق بالا
كەنجى باتۇر
كېپەك خانىش
مەرۋان بىلەن تەرسا
ياغاچ ئات
ئۇر، توقماق
چۆچۈرە بالا
سىرلىق چىراغ
شاھزادە بىلەن ئالۋاستى
نىيىتى يامانىنىڭ قازىنى تۆشۈك
ئۆلمەي تۇرۇپ جەننەتنى كۆرۈش
باتۇر قىز
شەيتانىنىڭ تىجارىتى
بىلمەس تاز
تەلۋە كۇيئوغۇل
كەمەك ھەييار بىلەن مۇختەر ھەييار
شەيتاننى ئالدىغان تاز
ئاددەمي شەيتان

خىزىر نىياز
سېھىرلىك ئالما
ئۇسكەك پادىشاھ
قاينا، چۆگۈن
ئەقىللىق كەنجى قىز
ھەركىم قىلسا ئۆزىگە
يالتايغاق بوۋاي
ئۇجمە سايىسى
ئەپچىلەم
ئارغىماق ماجىراسى
ئىككى بايىنى ئەپلىگەن مالاي
ئۆرگىلىۋاي بىلەن چۆرگىلىۋاي
يەتتە لىڭگىلتاق بىلەن بىر شىڭگىلتاق
شىتىلە بىلەن پىتىلە
مازاقخور مازاقتا ئۆلەر
پادىشاھنىڭ كۆڭلىنى ئۇزارتىشى
ئېشەكنى ئۇرۇپ خوتۇننى قورقۇتۇش
موللام ئوغرىنى قانداق تاپتى
قازان تۇۋى
شاھ بىلەن شاتۇتى

ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرى — 1، 2، 3، 4، 5 (ھەر بىرى 4.50 يۈەن)
ئۇيغۇر خەلق چاقچاقلىرى (ھېسام چاقچاقلىرى) — 1، 2 (ھەر بىرى 4.50 يۈەن)
ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرى — 1، 2 (ھەر بىرى 4.50 يۈەن)
ئۇيغۇر خەلق ئويۇنلىرى — 1، 2، 3 (ھەر بىرى 4.50 يۈەن)
ئۇيغۇر خەلق تېپىشماقلىرى — 1، 2 (ھەر بىرى 3.50 يۈەن)
ئۇيغۇر خەلق لاپلىرى (3.50 يۈەن)

(بۇ بىر يۈرۈش 55 كىتابنىڭ ئومۇمىي باھاسى 244.50 يۈەن)

uyghurkitap.com
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ ...

# ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى

## خىزىر نىياز

«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى» تەھرىر ھەيئىتى
نەشرگە تەييارلىغان

پىلانلىغۇچىلار: ئابدۇراخمان ئەبەي، ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل مۇھەررىرى: بارىجان زەپەر
مۇھەررىرى: ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل كوررېكتورى: ئابلىز ئاباس
مۇقاۋا لايىھەلىگۈچى: مەمەت نەۋبەت
نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
تېلېفون: 0991-2827472
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830001
باسقۇچى: شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى باسما زاۋۇتى
ساتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
فورماتى: 1230×880 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 2.5
نەشرى: 2007 ـ يىلى 1 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
باسمىسى: 2012 ـ يىلى 4 ـ ئاي 4 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 15001 — 18000
كىتاب نومۇرى: ISBN 978 – 7 – 228 – 10821 – 3
باھاسى: 4.50 يۈەن